مامۇت زايىت

# دىدار غەنىمەت

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ISBN 978-7-105-10388-1
9 787105 103881 >
定价：12.00元

مامۇت زايىت

# دىدار غەنىيمەت

江苏工业学院图书馆
藏书章

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەكلىپلىك تەھرىر: ئابدۇللا غاپپار
مەسئۇل مۇھەررىر: دولقۇن قادىر
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىگۇل ئىبراھىم

# دىدار غەنىيمەت

**ماموُت زايىت**



| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2009 - يىل 12 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2009 - يىل 12 - ئايدا 1 - قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 7 |
| باھاسى | : | 12.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-10388-1/I.2084（维294）

图书在版编目(CIP)数据

喜相逢：维吾尔文/马木提·扎依提著. —北京：民族出版社，2009.10

ISBN 978-7-105-10388-1

Ⅰ.喜… Ⅱ.马… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代——维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 195009 号

特约编辑：阿不都拉·阿帕尔
责任编辑：多鲁洪·哈地尔
责任编辑：海力古丽·衣不拉音
出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2009 年 12 月第 1 版　第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：7
定　　价：12.00

ISBN 978-7-105-10388-1/I.2084（维 294）

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مەزكۇر توپلامغا

بىيىجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى پېشقەدەم شائىر مامۇت زايىت ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلاپ شائىرنىڭ «دىدار غەنىيمەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن شائىر مامۇت زايىتنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

شائىر مامۇت زايىت يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيەت مۇساپىسىدا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئىزدىنىش، جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق شېئىر، 30 داستان ۋە شېئىرىي رومان... قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ پاساھەتلىك تىل، چوڭقۇر مەزمۇننى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان"دىدار غەنىيمەت" ناملىق شېئىرى ئەبەيدۇللا تۇردىنىڭ مۇزىكىسى بىلەن ئەل ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببىتىم تۈپەيلىدىن مامۇت زايىت قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ تۈرلۈك ژانىردىكى ھەرخىل ئەسەرلىرىدىن ئېستېتىك لەززەت — بەدىئىي زوق ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. مەن شائىر مامۇت زايىتقا سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە يېڭى مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

شىمايىل ئەھمەد

2009-يىلى 20-ئىيۇل

# مۇندەرىجە

## مۇھەببەتنە گۈزەلدۇر ئالەم
## (غەزەللەر)

كەلتۈر ماڭا ........ 2
شەيدا قىلدىلا ........ 3
ئۆمۈر ساقچىسى ........ 5
قالسۇن ئىزىڭ ........ 6
خاتا ........ 7
پىدا ........ 8
ئالدىدا ........ 9
پەزىلەت ئىگىسىگە مۇۋەششەھ ........ 10
تۆھپىكار ھەققىدە مۇۋەششەھ ........ 12
ئابدۇكېرىم خوجىغا ........ 14
ئانا يۇرت مۇھەببىتى ........ 15
ئەيلىسە ........ 17
مەجھۇل سۆيگۈ ........ 18
ئەي نىگار ........ 19
مەككار ........ 20
پۇلنى دەپ ........ 21
ھەسەتخور ........ 22
قىل ئىلاج ........ 23
يۈزۈڭنى ئاچ ........ 24
مىزان ........ 26
مەكتۇپ ........ 27
تۇرمۇش ئۇچىقى ........ 28
ياخشىدۇر ........ 29
پەندىيات ........ 30

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈرەك پىژ-پىژ ........ 31
بائىس ........ 33
خالاس ........ 34
ئاھ، ئانا ........ 35
جانان ئىمىش ........ 37
تۇف ........ 38
قاراپ باق ........ 39
تۇرمۇش ........ 40
مۇبارەك ........ 41
بولساڭمۇ بەگ ........ 42
باغۋەن نەزمىسى ........ 43
ساھىبجامال ........ 45
دىلبىرىم ........ 46
ھىجران چۆلى ........ 47
ياشلىقىم ........ 48
جان نىگارىم ........ 49
تۇت قەدەھ ........ 50
پو ........ 51
پەنگە يۈرۈش قوشىقى ........ 52
مۇھەببەتتە گۈزەلدۇر ئالەم ........ 54
سوپى ........ 55
ئۆچرىدى ........ 56
ئىدىقۇت گۈزىلى ........ 57
ھىجران دەردى ........ 59
شائىرلىق يولى ........ 60
ياز ئاخشىمى ........ 61
ئاڭلىغاي ........ 63

ئەلىشىر بوۋامغا ........................ 65
تاك قوياشى ........................ 66
تۇنجى قار ........................ 67
چوپان يىگىت ........................ 68
رازى ئىدىم ........................ 69
كارۋان بۈيۈك نەزمىسى ........................ 70
ئىپتىخارىم ........................ 71
ۋادەرىخا ........................ 73
ئۇستاز قەبرىسى ........................ 76
سەپەر، مەن ۋە دىلبەر ........................ 77
سەددىچىندىكى سوئال ........................ 79
سايەم ........................ 80
تاۋۇت كەينىدىكى ئويلار ........................ 81
تاغلار ئۇلۇغ ، تاغلار مۇقەددەس ........................ 84
يىللار سىخىي ، ئادەملەر ئىشچان ........................ 85
كەلدى نورۇز، كەل نىگار ........................ 87
نەشپۈتلۈك يالدامىسى ........................ 94
بىزەكلىكتىكى تەئەججۈپ ........................ 98
كۆمۈش تەردە گۆھەر ئىستىقبال ........................ 99
كوچا قىزى ـ سەنئەت پەرىسى ........................ 104
تارىم ـــ گۆھەر ماكانى ........................ 107
چۆلدىكى قارىغاي ........................ 110
قۇربان ھېيتىڭ مۇبارەك ، خەلقىم ........................ 113
بۈيۈك ئىنسان ........................ 115
قەشقەردىكى يار ........................ 122
تەگرىتاغدا ئايەم ........................ 126
مۇنبەر دۇردانىلىرى ........................ 131

ئېرادىن ئېراغا ھالقىدى ئۆمرۈم................................136
دىدار غەنىيمەت ........................................140

سېھىر ـ ھېكمەت بۇلىقى ئادەم

(رۇبائىيلار) ........................................141

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مۇھەببەتتە گۈزەلدۇر ئالەم

## (غەزەللەر)

www.uyghurkitap.com

# كەلتۈر ماڭا

سېخىي ساقىي، جام ـ شاراب كەلتۈر ماڭا،
نە شاراب، ئابىھايات كەلتۈر ماڭا.

چەككىلى ئىشق نەزمىسىگە زەر نەقىش،
ئىقتىدار ھەم ئىجتىھات كەلتۈر ماڭا.

تاۋلىسۇن پىكرىمنى تۇرمۇش ئوچىقى،
بوۋىلاردىن تەلىمات كەلتۈر ماڭا.

ئۆلپىتىم بولسۇن ئىجاد ئۇستازلىرى،
ئەلىشىردەك پىر ـ ھىمات كەلتۈر ماڭا.

تەق بولۇپ تۇرسۇن مۇقام ماھىرلىرى،
نەغمىدە ئوشاق، بايات كەلتۈر ماڭا.

ئىشق ئوتىدا جان قۇشۇم ئاغرىق بۆگۈن،
ئۇچقىلى بىر جۈپ قانات كەلتۈر ماڭا.

تۆلىدىم سۆيگۈ ئىجادقا كۆپ بەدەل،
ئەمدى ياردىن ئىلتىپات كەلتۈر ماڭا.

بەك ئۇزۇندۇر قۇت ـ ۋىسالنىڭ مەنزىلى،
بۇ سەپەرگە ياخشى ئات كەلتۈر ماڭا.

ياڭرىسۇن زاھىدنىڭ ئاتەش كۈيى،
بىر ئۆمۈر ئىلھام، سۇبات كەلتۈر ماڭا.

# شەيدا قىلدىلا

ئۆزلىرىگە مېنى شەيدا قىلدىلا،
سۆيگۈ ـ سادىقلىقتا تەنھا قىلدىلا.

لەيلىگە تەلپۈنگۈچى مەجنۇن كەبى،
ئىشق سەھراسىدا سەۋدا قىلدىلا.

بىر بېقىپ بولدۇق كىيىكتەك ياربدار،
قاش بىلەن كىرپىكنى ئوقيا قىلدىلا.

تەكلىپىمگە شوخ نىگاھ سوۋغا بېرىپ،
دىلدا ئوت ـ يالقۇننى پەيدا قىلدىلا.

بولدىلا غايىب تۇيۇقسىز پەردەك،
كۆز يېشىمنى چەشمە ـ دەريا قىلدىلا.

ئويلىدىم، چاغلاپ مېنى خار ـ خەس گويا،
بەلكى خانىشتەك تەمەننا قىلدىلا.

كەتتى ئاھىمدىن ئېرىپ ئون ئىككى تاغ،
قايسى گۈلشەندە تاماشا قىلدىلا؟


يا يېتەلمەي، يا كېچەلمەي دەردتە مەن،
سۆيگۈنى سىرلىق مۇئەمما قىلدىلا.

كۆنلىرىم ئۆتتى كۆتۈش پۇرقەت بىلەن،
قۇت ـ ئۈمىدۋارلىققا ئاشىنا قىلدىلا.

ئەسلىدە سىناق ئىكەن ھىجران ماڭا،
ئۆتتىم تاۋلاپ مەرد ۋە بەرنا قىلدىلا.

بولدىلا ئالدىمدا پەيدا شوخ كۈلۈپ،
ۋەسلى دىدار بىغى ئەھيا قىلدىلا.

زاھىدى ئارمانىغا يەتتى ئاخىر،
قوشۇلۇش بەختىنى بەرپا قىلدىلا.



# ئۆمۈر ساقچىسى

ياشىيالماس بولسا بۇلبۇل گۈلى گۈلشەندىن جۇدا،
گۈل قىيام گۈلقەنت بولالماس، بولسا بال-قەنتدىن جۇدا.

شۇ مەسەللىك ئېھتىياج ئىنسان ئارا بىر رىشتىدۇر،
بولمىسا دوختۇر، بىمار بولغاي تىنىق-دەمدىن جۇدا.

سەن ئۆمۈر دەرۋازىسىنىڭ پاسبانى، ساقچىسى،
نەدە ساغلاملىق ئەگەر بولغاندا ئەل سەندىن جۇدا.

بار تىرىك ئادەملا بار جايدا كېسەللىك كۈلپىتى،
قىلىدۇ ئەملەنمىسە جان قۇشىنى تەندىن جۇدا.

كونىلار ئېيتقان:«ھېكىم يوق يۇرت-دىياردىن قاچ يىراق»
قىلمىسۇن ھېچقايسى يۇرتنى ئەمچىدىن، ئەمدىن جۇدا.

باشقا كۈن چۈشمەس كېسەللىكتىن ئېغىر (ساقلىق - بەخت)
قىلىسەن ھەسرەتكە تولغان كۆزنى شەبنەمدىن جۇدا.

بىۋاقىت گۆرگە كىرىشتىن ئاز بۈگۈن ئەندىشىمىز،
قىلىسەن سۆيگۈ-ۋىسال ئەھلىنى ماتەمدىن جۇدا.

دەيدۇ مامۇت: تاپ كامال دوختۇر، ياراتقىن ئىختىرا،
بولمىغاي لوقمان كەبى نامىڭ بۇ ئالەمدىن جۇدا.

www.uyghurkitap.com

# قالسۇن ئىزىڭ

بۇ جاھان گۈلزارى كەڭ ئادەم ساڭا،
بار تالاي ئىمكانىيەت، ياردەم ساڭا.

تەلىيىڭ ئىنسان بولۇپ تۆرەلگىنىڭ،
كۈچ، بىلىم، جۈرئەت، كامالەت جەم ساڭا.

بولسا ئەقلىڭ زەر ئالارسەن توپىدىن،
ئەل، ئانا تۇپراق سېخىي ھاتەم ساڭا.

دەشتتۇ چۆلنى تەر تۆكۈپ قىلساڭ بېھىش،
ياغىدۇ ئالقىش-چاۋاك ھەردەم ساڭا.

يوق بىخۇد، ھۇرۇنغا ئامەت گۈلشىنى،
نائۈمىد بولساڭ ھايات ماتەم ساڭا.

بۇ جاھاندىن زارلىنىش مەردلىك ئەمەس،
ئەسلى يۈز يىللىق ئۆمۈرمۇ كەم ساڭا.

زاھىدى ئەل قەلبىدە قالسۇن ئىزىڭ،
بىر ئامانەتتۇر ئۆمۈر، ئالەم ساڭا.

# خاتا

ۋەدە بەردىڭ، قىلمىدىڭ ئەمما ۋاپا،
خۇددى زالىمدەك ماڭا سالدىڭ جاپا.

قامىتىمنى ئەگدى يادەك دەرد-ئازاب،
نالە قىلدىم، چىقمىدى سەندىن سادا.

ھىجرۇ پۇرقەت دەشتىگە تاشلاپ مېنى،
يات بىلەن پىنھاندا تۈزدۈڭ كەيپ-ساپا.

ئالدىماق بولدۇڭمۇ، قالدىڭ ئالدىنىپ،
غەيرىيلەر قىلدى سېنى قورچاق-لاتا.

كېچىكىپ تاپتىڭ ئەقىلنى سۆيگۈدە،
ئاھ دېدىڭ، تۇتقان يولۇڭ بولغاچ خاتا.

توۋا! ئالدىمغا كېلىپسەن نازلىنىپ،
زاھىدى سۆيمەس سېنى، بولما خاپا.

www.uyghurkitap.com

# پىدا

خىسلىتىڭگە ئەي تېۋىپ مىڭ جان پىدا،
ئەرزىگەي بولسا زېمىن، ئاسمان پىدا.

بەردى جان مەجنۇن، ئەرەقى، شەربىتىڭ،
ئەل ئۈچۈن ئابىھايات، ھەرئان پىدا.

قوغدىدىڭ تېبنى ـ ھاياتلىق پېنىنى،
مۇشۇ يولدا بىھېساب ئىنسان پىدا.

كىيمىدىڭ ئەسلا كىبىردىن ئۈستۈۋاش،
بىلىمىڭگە بولسىمۇ لوقمان پىدا.

چوڭ ـ كىچىك، بايۇ پېقىر ئالدىڭدا تەڭ،
قىلىسەن لۇتفۇ كەرەم، ئېھسان پىدا.

بېرىسەن ئاغرىققا ساقلىق، كۈچ، ئىشەنچ،
شاد نىگاھىڭغا گاداي ھەم خان پىدا.

ئەي تېۋىپ، تۆھپەڭنى كۈيلەپ زاھىدى،
قىلغۇسى شەنىڭگە مىڭ داستان پىدا.

# ئالدىدا

ئېيتمىغىن دەردىڭنى ئەغيار ئالدىدا،
تۆكمە كۆز ياشىڭنى زىنھار ئالدىدا.

ئەر بېشىغا نى ئېغىر كۈنلەر كېلۇر،
چەكمە پەرياد، بول ئۇمىدۋار ئالدىدا.

سورىما نامەرد كىشىدىن يول، مەدەت،
گەرچە سەن قالساڭمۇ دىشۋار ئالدىدا.

يوشۇرار ئۆچمەنلىكىنى كۈلكىگە،
ساددا، ئاق دىل بولما مەككار ئالدىدا.

تۆھپىكارغا رەشك ھەسەت، بوھتانمۇ كۆپ،
بار خەتەر-توسقۇنمۇ تۇلپار ئالدىدا.

بىلمىسۇن غەم-كۈلپىتىڭنى غەيرىيلەر،
پۈكمە قەددىڭنى ئۆلۈم-دار ئالدىدا.

كۈل زۇغۇيلار ئالدىدا ئەي زاھىدى،
يىغلىۋالغىن دوست-ۋاپادار ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەزىلەت ئىگىسىگە مۇۋەششەھ

ئىسمى-زاتىدا ئۇلۇغلۇق، نۇر-زىيا،
خىسلىتىدىن، خىزمىتىدىن ئەل رىزا.

سۈپىتى ــ يۈكسەك پەزىلەت ئىگىسى،
يۇرت-ئاۋام، ئالىم-ئەدىبكە رەھنىما.

مېھرىدىن شەربەت ئىچىپ يوقسۇل، يېتىم،
غايىبانە ياغدۇرار ئالقىش، دۇئا.

ئالىي ھىممەت، پەم-پاراسەت ساھىبى،
سېخىيلىق، مەرتلىكتىمۇ ھاتەم گويا.

ئىشلىدى خالىس، سەمىمىي بىر ئۆمۈر،
بەردى دەۋران ئەجرىگە لايىق باھا.

لالىلەر گۈل ئاچتى تۆھپە بېغىدا،
تەۋسىيىگە ئەيلىدى بۇلبۇل ناۋا.

ئەلدە «خۇشچاقچاق، يېقىملىق» نامى پۇر،
كۈلكىسىدىن چېچىلار مۇشك ھىد ھاۋا.

ھەر كۆڭۈللەر تۆرىدە شان-ھۆرمىتى،
ئەل غېمى، ئەل دەردىگە بولغاچ داۋا.

مەرىپەت شېرىن گويا، پەرھادى ئۇ،
پەرۋىشىدىن كەشىپ-ئىجاد قىلدى جۇلا.

ئەھلى ئىنسان ئۆلگىسى، بەرناسى ئۇ،
ئالغىنىدىن بەرگىنى ئەلگە تولا.

دەم غەنىيمەت، زاھىدى سەن تەلىم ئال،
مېھرىدىن گۆللەرگە تولغاي تاغ-دالا...



www.uyghurkitap.com

# تۆھپىكار ھەققىدە مۇۋەششەھ

ئىزدىنىش ئىچرە ئۆتتۈپتۇ ئۆمرىڭىز، ئەي پېشۋا،
سۈندىڭىز شان ـ تۆھپىدە مىللەت ـ ئۇلۇسقا نۇر ـ زىيا.

مېۋىڭىزدىن بەھرىمەن ئىككى ئەسىر ئادەملىرى،
ئەجرىڭىزگە ئەنجۇمەن قۇتلۇقلىرى ئادىل باھا.

ئىشتىياقى پەن ـ ئىجادنىڭ ياندى يەتمىش يىل بۇرۇن،
بىلدىڭىز ئىرپان، شېئىرنى ئۆمرىڭىزگە تۇتىيا.

نەۋباھار ئەييامىدا چاچتى ئىپار «چىمەندە گۈل»،
يازمىڭىزنىڭ گۈلشىنىدە چاقنىدى قىلدى جۇلا.

تەسىراتلار چىنىسىگە تولدى سىز قۇيغان شاراب،
ئۇنى ئىچكەن ياش بۇغۇننىڭ بولدى ئىلھامى لاۋا.

ئۇلىنىپ ئەجداد ۋە ئەۋلاد رىشتى ـ مېھرى سىز بىلەن،
تاپتى يىلتىزنى نەۋائى، قىلدى تارىمدا ناۋا.

روھىي بىمارلارنى پەرۋىش ئەتتىڭىز ئەمچى بولۇپ،
سالدى تەلىم ـ تەتقىقات سەيناسىدا ئۇلار ساما.

سىز جەسۇر ئىنسانكى، سەكسەن ئىككى تاغدىن ھالقىغان،
بولدى پايخان ئاستىڭىزدا نى ئېغىر كۆلپەت ـ بالا.

ئۇسسىغانغا سۇ بېرىپ، توڭغانغا ئوت كەلتۈردىڭىز،
گۈلگە تولدى ئىزىڭىز يەتكەن شەھەر ۋە تاغ ـ دالا.

نەسلۇ ئەۋلاد ئۇنتۇماس ئەجدادىنى، ئەي زاھىدى،
ھاجىكامدەك بىر ئۆمۈر بولسا ئۇلارغا رەھناما.



# ئابدۇكېرىم خوجىغا

ئەلۋىدا، شائىر قەدىردان ئەلۋىدا،
ئىدىڭىز بەك ياخشى ئىنسان، ئەلۋىدا.

بىۋاقىت خوشلاشتىڭىز دۇنيا بىلەن،
تۇتتى ماتەم يەرۇ ئاسمان، ئەلۋىدا.

ئۆمرىڭىز ئۆتتى رىيازەت ئىلكىدە،
ئەلگە ئاپتاپ، ياۋغا ۋولقان، ئەلۋىدا.

يوقلىدى گاھى بەخت، گاھى ستەم،
قازدىڭىز زەر نەزمىدىن كان، ئەلۋىدا.

ئىدىڭىز «توپراق، باھار»نىڭ كۈيچىسى،
ئالدى نۇر سىزدىنمۇ «ئايخان» ئەلۋىدا.

«ئىككى ھەيكەل» ـ سىزگە ھەيكەلدۇر ئەبەد،
تۆھپىڭىز تىللاردا داستان، ئەلۋىدا.

زاھىدىدەك بار تالاي شاگىرتىڭىز،
بېغىڭىز بولغاي گۈلىستان، ئەلۋىدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئانا يۇرت مۇھەببىتى

ساڭا قەلبىم كۆزىدە سالدىم نەزەر جەننەت گۇما،
ئۆز بالاڭنىڭ سوۋغىتى، ئىشقىمنى مەقبۇل ئەت گۇما.

ئىپتىخارلانسام تامام ھەقلىق «ئىپسىل يۇرت ئوغلى» دەپ،
ئۇرغىغاچ چەشمە كەبى سەندە ئىجاد، سەنئەت، گۇما.

سەندە بار ئەجدادلىرىمنىڭ روھىناتى، قەبرىسى،
بېرىدۇ ئۇلار ماڭا خىسلەت، ئەقىل، رىغبەت، گۇما.

كەچمىشىڭ شانلىق سىنىڭ، خەلقىڭ ئەقىل دانىشمىنى،
ساڭا كەلتۈرگەن ھۈنەر، پەن، ئىختىرا شەۋكەت، گۇما.

قاتنىغان چاڭئەن، پەرەڭ، روماغىچە كارۋانلىرىڭ،
يەل-يېمىش، مەشۇت، گىلەم كەلتۈردى زەر، ھۆرمەت، گۇما.

چالغۇ-ساز، قەغەز ياساپ ئۈژمە غولى، قوۋزاقىدىن،
كەشپىيات بابىدا قىلدىڭ كۆپ كويىش-ھىممەت، گۇما.

ياسىدى تەكلىماكاننىڭ چېتىدە زۇمرەت سېپىل،
قەد كۆتۈردى چۆلدە باغ، ئورمانلىرىڭ رەت-رەت، گۇما.


ئاتىلىپ خەلقىڭ دىبدىل، باتۇر ۋە ئىشچان، قەھرىمان،
بەردى نۇرانە ئەسىر يۈكسەلگىلى سۈرئەت، گۇما.

ئاپىرىن سانجۇ تېغىدا بوپتۇ بىر ئامبار بىنا،
توۋا! ئىنساندا بولاركەن بۇ قەدەر قۇدرەت، گۇما.

قۇرۇلۇپ چۆللەردىمۇ ئانار، ياڭاق، تاللىق بېغىڭ،
قىپتۇ دېھقاننى باياشات كۈن ئۈچۈن دەۋەت، گۇما.

چاپتى بايلىق، گۈللىنىش تۇلپارلىرىڭ مەنزىل تامان،
باغلىدۇق پەرزەنتلىرىڭ بەل، قىلغىلى خىزمەت، گۇما.

زاھىدى كۆيلەر سېنى، دىل ئىشقىنى داستان قىلىپ،
جان ئانامسەن بىر ئۆمۈر ئىلھامچى، تاج-دۆلەت، گۇما!...



## ئەيلىسە

يار ئەمەس، غەيرىيگە پەرۋا ئەيلىسە،
بەتقىلىق، يات خۇينى پەيدا ئەيلىسە.

سەن ئۇنى «جۇپتۇم» دىبان ھۆرمەتلىسەڭ،
غادىيىپ كىبرۇ-تەمەننا ئەيلىسە.

ئۆزگىلەرگە كۆز قىسىپ، ناز كۆرسىتىپ،
ئەل ئىچىدە سىنى رەسۋا ئەيلىسە.

ھەرقىتىم قىلساڭ نەسىھەت-تەربىيە،
چار خورازدەك ساڭا پەشۋا ئەيلىسە.

ئانت ئىچىپ سادىقلىقىغا مىڭ نۆۋەت،
يات بىلەن مەخپىي تاماشا ئەيلىسە.

كەلسە خانەڭگە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىڭ،
قالدۇرۇپ ئۇياتقا، غەۋغا ئەيلىسە.

يولىما زاھىدى بۇنداق «يار»غا ھىچ،
يوق شىپاسى سىنى سەۋدا ئەيلىسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مەجھۇل سۆيگۈ

ئىشقىڭ كۆڭلۈمگە سېلىپ كۆپ ئازاب،
بولدى يۈرىكىم ئوتۇڭدا كاۋاب.

دېدىڭ: «قانسۇن بۇ تەشنالىقىڭ، يۈر»
دەرياغا ئەكەلدىڭ، بەرمىدىڭ ئاب.

ئەجەپ ئاچمىدىڭ سىرىڭنى ئەسلا،
يۈزۈڭ ئاشكارا، قەلبىڭدە نىقاب.

بولدى پۇرقەتتە قىلسام ئىبادەت،
ئاي يۈزۈڭ كەئبەم، قاشلىرىڭ مېھراب.

ئۆتتى كۈتۈشتە ئاي ۋە كۈنلىرىم،
قاچان كېلەر دەپ يولۇڭغا قاراپ.

گاھى مەست بولدۇم، گاھىدا بىھوش،
ئىپار ھىدىڭنى شامالدىن پۇراپ.

قانچە تۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم باغدا،
دېرىكىڭنى ئاھ بۇلبۇلدىن سوراپ.

تەس ئىكەن ئەجەب سېنى چۈشەنمەك،
سۆيەلمەي، كەچمەي چەكتىم ئىزتىراپ.

ئۈمىد ئۈزمىدىم ۋىسال ـ ۋاپادىن،
ئازدۇرالمىدى ئېزىتقۇ ـ سەرراپ.

## ئەي نىگار

تەنىلەر ياغدى بېشىمغا ئوق بولۇپ،
گاھ ھەسەت، گاھىدا تۆھمەت، دوق بولۇپ.

سېنى سۆيگەنگە پۇشايمان قىلمىدىم،
كەتمىدىم ئۇ تەنىلەردىن يوق بولۇپ.

ھالقىدىم كۆلپەت، رىيازەت تېغىدىن،
چىن ۋاپا، سۆيگۈگە ماڭا ئوزۇق بولۇپ.

گۈل-شاراب تۇتتۇڭ ۋىسال بوستانىدا،
يايرىدى كۆڭلۈم سېنىڭدىن توق بولۇپ.

تىك خەتەرلىك چوققىلارغا ئۆرلىدىم،
رىغبىتىڭ مەردلىك ئۈچۈن بۇيرۇق بولۇپ.

شادىمان بول زاھىدىدىن ئەي نىگار،
ياشىدىم قۇزغۇن ئەمەس، سۇمۇرغ بولۇپ.

www.uyghurkitap.com

# مەككار

دوست ئەمەس مەككار ئىكەنسەن بەلكى خەپ،
ناز-كەرەشمە توزىقىڭكەن تۈلكە، خەپ.

قىپتۇ ئەقلىمدىن جۇدا تۇتقان گۈلۈڭ،
يوشۇرۇن ئوغا سېپىپسەن گۈلگە، خەپ.

قالدى نەلەردە ساداقەت، پاكلىقىڭ،
قەسىمىڭ ئىكەن باراۋەر نۆلگە، خەپ.

دەپتىمەن سېنى ۋاپادار ئاقكۆگۈل،
ئەسلىي سەن شەيتانغا ئۇستاز-ئۈلگە، خەپ.

كەسىپ ئىكەن ئالدامچىلىق، قۇۋلۇق ساڭا،
بەرمىدىڭ سۇ، ئاپىرىپمۇ كۆلگە، خەپ.

يايرىغايمىز دېۋىدىڭ گۈلباغ ئارا،
تاشلىدىڭ ئاخىر مېنى دەشت-چۆلگە، خەپ.

زاھىدىنىڭ قەلبىدە نەپرەت ئوتى،
ئاشۇ ئوتتا ئايلىنارسەن كۈلگە، خەپ.

# پۇلنى دەپ

ئويلىغانتىم پۇرىدىم ئۇز گۇلنى، دەپ،
چېھرى قەمەر، چاچلىرى سۇمبۇلنى، دەپ.

قەلبى پاك، ئالتۇنغىمۇ سالمايدۇ كۆز،
سۆيدى ئۇ مەندەك پېقىر ئوغۇلنى، دەپ.

ساقلىدىم، كۇتتۇم يولۇڭغا تەلمۈرۈپ،
كېلىدۇ ئېشىپ داۋاننى، چۆلنى، دەپ.

باغلىدىم شۇنچە ئىشەنچ ۋەدەڭگە مەن،
تۇتىمىز ۋىسالدا قولغا قولنى، دەپ.

ۋادەرىخ... يۇرتداشلىرىڭدىن ئاڭلىدىم:
«تېگىشۋالدى قېرى بايغا پۇلنى دەپ»

زاھىدنىڭ يۇرىكىدە ئېچىنىش،
تاللىسا بولماسمىدى ھەق يولنى، دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھەسەتخور

كىم ھەسەتخور، دەردتە قالغاي ئاقىبەت،
ئەل-ئاۋامدىن چەتتە قالغاي ئاقىبەت.

ئۆزگىگە زۇلمەت، زاۋاللىق ئىستىگەچ،
ئۆزىمۇ زۇلمەتتە قالغاي ئاقىبەت.

ھۆنىرى بولغاچ ئۇنىڭ ئىغۋا-ئۆسەك،
يۇرت ئارا لەنەتتە قالغاي ئاقىبەت.

ياخشىنى غاجاپ، قاساپ سۇنغاي چىشى،
مۆكچىيىپ ھەسرەتتە قالغاي ئاقىبەت.

ھەر كۆنى مىڭ بىر ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ،
تۇرمۇشى غۇربەتتە قالغاي ئاقىبەت.

خۇددى چاشقاندەك قىلىپ ئۇر-ئۇرغا ئۇ،
يۈزى چۆشكەي، سەتتە قالغاي ئاقىبەت.

ئويلىسا زاھىدىغا كۆلپەتنى ئۇ،
ئەڭ ئېغىر كۆلپەتتە قالغاي ئاقىبەت.

# قىل ئىلاج

خەتتە ياڭراتتىم خىتابىنى، قىل ئىلاج،
قىينىما باغرى كاۋاپىنى، قىل ئىلاج.

كۆرمىسەم بولغان ئىكەن باشتا سىنى،
يوقلىغىن هالى خارابىنى، قىل ئىلاج.

مەست، بىهوش بولدۇم رىيازەت چۆلىدە،
كەلتۈرۈپ چاچقىن گۇلابىنى، قىل ئىلاج.

قالىدۇ ئاشىقمۇ گاھ يولدىن ئېزىپ،
يوقىتىپ ئالتۇن-سەراپىنى، قىل ئىلاج.

بول ئېغىر پەيتلەردە هەمدەم، رەهنەما،
ئىزگۈلۈكتىن ئال ساۋابىنى، قىل ئىلاج.

ئەلىمەس تېۋىپ كېسەلنى گەپ بىلەن،
ئەملە ۋەسلىڭدە بىتابىنى، قىل ئىلاج.

گاهى تەشۋىش، گاھ ئۈمىد هەمراھ ماڭا،
تۆكتىپ غەم-ئىزتىراپىنى، قىل ئىلاج.

سۆزلىيەلمەيمەن قېشىڭدا گاچىدەك،
ئوقۇ-نەزمەمنى - كىتابىنى، قىل ئىلاج.

كۆل قىلار دوزاخنىمۇ ئىشقىم ئوتى،
زاهىدىغا بەر جاۋابىنى، قىل ئىلاج.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يۈزۈڭنى ئاچ

ئەي پەرىۋەش، مەن كۆرەي، يوشۇرما ئاچ، يۈزۈڭنى ئاچ
ئۆرۈمى يەرنى سۈپۈرگەن قارا چاچ، يۈزۈڭنى ئاچ

توسمىسۇن رۇخسارىنى ئايىنىڭ پەرەنجە بۇلۇتى،
باشقا مەھۋەشلەر كەبى نۇرىڭنى چاچ، يۈزۈڭنى ئاچ

ئانىلار تويغان پەرەنجە زۇلمىتىدىن يەتكىچە،
بولمىغىن غەلپەت ئارا جاھىل مىزاج، يۈزۈڭنى ئاچ

كىم سېنى قىلدى نادانلىق كۆلپىتىگە مۇپتىلا،
سەن ئاڭا ياغدۇر غەزەپ، ئۈيقۇڭنى ئاچ، يۈزۈڭنى ئاچ

نەۋقىران ياشلىق گۈزەللىك جىلۋىسى ھۆسنىڭدە بەرق،
يوق يوشۇرماقلىقتا ئەسلا ئېھتىياج، يۈزۈڭنى ئاچ

قۇل ئەمەسسەن، گۈل ئىرۇرسەن، تەلىيىڭ، بەختىڭگە خان،
يارىشار كىيسەڭ، بېشىڭغا زەردە تاج، يۈزۈڭنى ئاچ

ئەركىلەپ ئويناپ-كۈلۈپ، يايرايدىغان ۋاقتىڭ سېنىڭ،
كەم ئەمەس ئىلكىڭدە قۇت، بايلىق-خىراج، يۈزۈڭنى ئاچ

بىلىمەن كۆڭلۈڭدە بار ھەسرەت پەرەنجە دەردىدىن،
يىرت ئۇنى قاراڭغۇلۇقتىن نېرى قاچ، يۈزۈڭنى ئاچ

پاك قەلب، شەرمى ھايالىق مومىلارنىڭ نەسلىسەن،
ئويلا ئىقباللىڭنى كەڭ ئىمكان-ئىلاج، يۈزۈڭنى ئاچ

بىلىم ئالغان قىز ئىدىڭ ئۆسمۈرلۈكىڭدە، ئەمدىچۇ،
قىلدىمۇ ئەما خۇراپات سېنى كاج، يۈزۈڭنى ئاچ

قارىغىن ئەتراپقا، تەڭتۇش دوستلىرىڭغا كۆز ئېچىپ،
تاپتى كەشىپ، سەنئەت-ھۈنەردە تەڭ راۋاج، يۈزۈڭنى ئاچ

سۇلدۇ گۈل توسسا سايە، ئالمىسا نۇردىن ئوزۇق،
قىلمىسۇن زۇلمەت سېنى تالان-تاراج، يۈزۈڭنى ئاچ

ئوقۇغىن، ئىشلە، مۇھەببەت پەيزىنى سۈرگىن، گۈزەل،
باشقىلاردەك تۆھپىكار بول، ئات غۇلاچ، يۈزۈڭنى ئاچ

زاھىدى ئاكاڭ ساڭا قىلدى سەمىمىي ئىلتىجا،
باق قۇياشقا، ئۈچ ئېگىزگە قارلىغاچ، يۈزۈڭنى ئاچ



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مىزان

قار-بوراندا تاۋلىنىپ ئۆسىدۇ شەمشاد،
ئىش-كۈرەشتە يېتىلەر مەرد، قابىل ئەۋلاد.

دەرد، رىيازەت سىنايدۇ ئاقىل، نادانىنى،
ئادەم گويا ساددا قۇش، پەلەك قۇۋ سەيياد.

ئەجىر قىلماي يېتەلمەس مۇرادقا ھېچكىم،
ئەرش-ئاسمانغا تېۋىنىپ چەكسىمۇ پەرياد.

پازىل ئىنسان قالدۇرار مىللەتكە تۆھپە،
قازغىنىدەك بىستۇن ۋە مىڭ ئۆيىنى پەرھاد.

غالىبلىقنىڭ نىشانى ئەمەس تىرىكلىك،
تۆھپىكارلار ئۆلمەيدۇ ئەل ئەيلىگەچ ياد.

ئاقىل سىپاھ قوللايدۇ تالانت ئەھلىنى،
شۆھرىتىدىن ئۇلارنىڭ سۆيۈنىدۇ شاد.

كېلەلمەيدۇ تارىخقا، ئۆز نەسلىگە يۈز،
يۇرت-مىللەتنىڭ بەختىنى قىلغانلار بەرباد.

ھاياتىڭغا مىزان قىل بۇنى زاھىدى:
«ياخشىلاردىن ئات قالۇر، يامانلاردىن داد»

# مەكتۇپ

نامە ئەۋەتتىم ئەي پەرى پەيكەر،
بولسۇن ماڭا دەپ مەڭگۈگە دىلبەر.

ئاھۇ مەسەللىك زىبا جانانسەن،
قىزلار ئىچىدە نۇرانە گۆھەر.

ھۆسنىڭ قۇياشتۇر، قەلبىڭ پەرىشتە،
سەن-سەن گۈزەللىك كۆكىدە ئەختەر.

ياقتى نىگاھىڭ قەلبىمگە ئاتەش،
تارقاتتى بويۇڭ ئىپارۇ ئەنبەر.

ماڭغان چېغىڭدا خىلۋەت كوچامۇ،
نۇرلۇق يۈزۈڭدىن بولدى مۇنەۋۋەر.

قىلغان ئىدى بەند تۇنجى مۇلاقات،
غۇنچە لېۋىڭدىن تۆككەچكە كەۋسەر.

يازغىن جاۋابىنى قىل شادۇ خەندان،
زاھىدى بولسۇن ساڭا مۇيەسسەر.

# تۇرمۇش ئۆچىقى

تىنچ-ئىناق ئۆتۈشنى ئىستىسەڭ ئەگەر،
تۇرمۇشنى تەپتەكشى ئويلىما دىلبەر.

ھاياتتا بولمىغىن ساددا، گول، نادان،
بۇ جاھان بىتۇراق، پەلەك ھىيلىگەر.

ئامەتنى مارايدۇ روجەكتىن ئاپەت،
ئىنسانغا بال گاھى بولىدۇ زەھەر.

ئاي چىراي، گۈل ياشلىق ئەمەستۇر باقى،
سۈبھىنىڭ كەينىدە پېشىن، شام، دىگەر.

پۇل، مەنسەپ كىشىگە پانىي ئامانەت،
سائىلغا ئايلىنار گاھى باي زەرگەر.

توشقانلار ئۈركىسە ئۆز سايىسىدىن،
يالقۇندىن ساق چىقار سۇمۇرغ، سەمەندەر.

تاللايدۇ، شاللايدۇ تۇرمۇش ئۆچىقى،
ۋىجداندا كىم غەنىي، كىملەر قەلەندەر.

مەرد، غەيۇر، ئۈمىدۋار، ئاقىل كىشىگە
مۈشكۈلات ئاساندۇر، ئىقبال مۇنەۋۋەر.

زاھىدى ۋەسلىگە ئېرىشەي دېسەڭ،
تۇراقسىز ھاياتتا بول ھامان قەيسەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ياخشىدۇر

مەرد، ئىشچان كىشىگە جاھان ياخشىدۇر،
مەرىپەت گۈللىگەن زامان ياخشىدۇر.

ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە ۋايساپ،
چاللىقتىن قىرانلىق ھامان ياخشىدۇر.

ئاي، قۇياش، يۇلتۇزلار كۆرۈنەر گۈزەل،
يەردە سەن، دېمىگىن ئاسمان ياخشىدۇر.

گاھ سېنى كىشىلەر قىلسىمۇ بىزار،
ھايۋاندىن بەربىر ئىنسان ياخشىدۇر.

ساڭا يات گۈزەلگە تەلمۈرمە بىكار،
ئۆيدىكى چۇۋۇق چاچ جانان ياخشىدۇر.

ئۆزگىنىڭ مىننەتلىك پولو، گۆشىدىن،
ئەجرىڭگە تەئەللۇق بىر نان ياخشىدۇر.

زارلانما ھاياتتىن زاھىدى ئەسلا،
تەر تۆكمەك ۋايساشتىن چەندان ياخشىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# پەندىيات

مەيلىلا سەنسىز ئۆتەي دىلدارسىز،
دېمىگەيمەن شۇندا مەن تاق، يارسىز.

ياشىماس بۇلبۇل بولۇپ دوست زاغ بىلەن،
نالىماس ئۇ قالسىمۇ گۈلزارسىز.

يۈرىكىم ئاغرىيدۇ ھەر باقسام ساڭا،
ئۆتكىنىم خوپ بەتبەشىر رۇخسارسىز.

بەك ئازابكەن يەتسە يارىڭدىن سىتەم،
بولسا ئۇ تۈزكور ھەسەتخور، ئارسىز.

كۆردى مەندىن ياخشىلىق، ھېچ بىلمىدى،
قىش ئىكەن قەلبى ئۇنىڭ باھارسىز.

دەپتىمەن مۆمىن ۋاپالىق مەشۇقۇم،
ئۇ ئىكەن ۋەھشىي جوھوت ـ زۇننارسىز.

زاھىدى ئېيتتى تۈمەنمىڭ پەندىيات،
ئەمدى ئۆمرۈم ئۆتكۈسى ئازارسىز.

# يۈرەك پىژ-پىژ

كۆيەر گويا كاۋاپدانىدا يۈرەك پىژ-پىژ،
ئىشقىڭ ئوتى تەندە-جاندا، يۈرەك پىژ-پىژ.

ئوتتىن ئىبلىس سەگىتمىدىڭ بىر قېتىممۇ،
بىرەھىمسەن بۇ جاھاندا، يۈرەك پىژ-پىژ.

شىردەك ئىدىم، غۇلام قىلدىڭ مۇھەببەتكە،
شەپقەت يوقمۇ سەن چولپاندا، يۈرەك پىژ-پىژ.

تاتلىق ئىكەن، ئاچچىق ئىكەن سۆيگۈ دېگەن،
قويدۇڭ ئەجەپ دەرد-ھىجراندا، يۈرەك پىژ-پىژ.

بىلەلمىدىم، ئۇدۇممىدۇ ئىشق ئەھلىگە،
ئۆمرى ئۆتمەك غەم-پىغاندا، يۈرەك پىژ-پىژ.

نالىشىم يوق ئىشقىڭ قانچە ئۆرتىسىمۇ،
رىيا، داغ يوق پاك ۋىجداندا، يۈرەك پىژ-پىژ.

سەمەندەردەك تاۋلىنىمەن ئاتەشىڭدە،
ئىشقىڭ يانار جاندا، قاندا، يۈرەك پىژ-پىژ.


چىن ساداقەت تەۋەللۇتكار قۇت-ۋىسالغا،
بولما ئەسلا دەرگۇماندا، يۈرەك پىژ-پىژ.

زاۋال يەتمەس مۇھەببەتنىڭ قۇياشىغا،
پارلار ھامان، ھەر زاماندا، يۈرەك پىژ-پىژ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئادەم پانىي، ھىجران پانىي، سۆيگۈ باقى،
پاكلىق ئۇلۇغ ھەر ماكاندا، يۈرەك پىژ-پىژ.

زاھىدىنىڭ تىلەكى شۇ، مەيلى كۆيدۈر،
بولسۇن ۋاپا سەن جاناندا، يۈرەك پىژ-پىژ.



# بائىس

گۈلزار ئىچرە يۇرمەككە رەنا بائىس،
شېرىن سۇخەن سۆھبەتكە دەنا بائىس.

كۆپلەر يۈرەر كۆيۈپ پىراق ئوتىدا،
سۆيگۈسىگە ئاي پەرى-بەرنا بائىس.

ئالتۇن ئىرا ياشلىقىنىڭ قىممىتىگە،
ئەخلاق، بىلىم، مۇھەببەت، هايا بائىس.

مويسىپىتلىق — دانالىق، ئۇنى سۆكمە،
قەدىرلەشكە ئۆمۈرنى مەنا بائىس.

مەردلىك، ئىجاد، كەشپىيات نۇسرىتىگە،
تومۇرلاردا ئوخچىغان دەريا بائىس.

ئۆتتى تۆھپە قالدۇرۇپ كۈرمىڭ ئاقىل،
ئىنسانلىققا قەلب، تۆھپە، زىيا بائىس.

زار قاقشاتتى بەزىلەر ئەل-مىللەتنى،
هايۋانلىققا زالىملىق، رىيا بائىس.

ئۈزمەس ئادەم هاياتتىن دىل رىشتىنى،
ئاڭا ئۈمىد، نۇر تولغان دۇنيا بائىس.

ئەي زاھىدى، يازغىلى ئوتلۇق نەزم،
قەلبىڭدىكى يالقۇنلۇق ماڭما بائىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# خالاس

قىل نىگارىم مېنى ھىجراندىن خالاس،
كەل يېنىمغا، ئەيلە ئەپغاندىن خالاس.

ئۇۋلىدى ئىشقىڭ مېنى سەيياد بولۇپ،
تۇتقۇنىڭمەن، ئەت بۇ زىنداندىن خالاس.

نەچچە يىل ئاقتىم پىراق دەرياسىدا،
قىل مېنىڭ جىسمىمنى توپاندىن خالاس.

كۆيدى ھىجراندا جېنىم كۆپ ئۆرتىنىپ،
ئەت بۇ دوزاخ ئوتى ـ گۈلخاندىن خالاس.

كەلدى دەپ دەرھال قېشىڭغا يۈگۈردۈم،
بولدى قەلبىم ئەمدى بوھراندىن خالاس.

كۆزلىرىڭدىن چاقنىدى نۇرى ۋاپا،
قىل مېنىڭ كۆكسۈمنى پەيكاندىن خالاس.

سىنىقىڭدىن ئۆتتى ئەلا زاھىدى،
قىلمىغىن ئەمدى ئۇنى جاندىن خالاس.

# ئاھ، ئانا

ئۆچتى ئاھ، قەلبىم كۆكىدىن بىر قۇياش،
جۇپ كۆزۈمدىن ئاقتى دەريا قان ۋە ياش.

تىنقتى ماتەم تىغىنى كۆكسۈمگە چەرخ،
ئەزرائىل باغرى ئىكەن گوياكى تاش.

ئايرىلىپ قالدۇق ئانا سەندىن بۈگۈن،
سوغ توپا، كېپەن ساڭا بولدى فىراش[1].

يىغلىشار سىڭلىم، ئىنىم پارياد ئۇرۇپ،
ئېزىدۇ دىلنى ئۇلارغا بىر قاراش.

ھالىمىزغا ئېچىنار ئىنسان-مەلەك،
خار يېتىم بىر، ئۇرىمىز كىملەرگە باش؟

يۇرىدۇ توقساندىن ئاشقانلار ھايات،
سەن ئەجەب كەتتىڭ جاھاندىن بەكلا ياش.

زاھىدى دەر شۇم ئەجەل دەستىدە داد،
يوق ئىكەن ئۇندا مېھىر، شەپقەت، ئاياش.

---

[1] فىراش — تۆشەك، ئورۇن

www.uyghurkitap.com

# سۆيگۈ - نەپرەت

سۆيگۈ-نەپرەتسىز كىشىنىڭ بېلى بوش،
ئەل ئارا ئاتقا قالار بوشاڭ، گومۇش.

سۆيگۈ-نەپرەت دېت، تەپەككۇرغا قانات،
بولمىغاي مۆمىن نادانىدا ئەقلۇ هوش.

هەيۋىسى بولغاچ هەرە ئەركىن كېلىپ،
تۆلىمەي قاسساپقا پۇلنى يەيدۇ گۆش.

مېهرى-قەهرى بولمىغان ئەركەك ئەمەس،
كى بېلىنى باغلىغان كاۋاك قومۇش.

قۇتقۇزار قويلارنى چوپان بۆرىدىن،
بالىسىنى، جۈپتىنى ئاسرايدۇ قۇش.

تارتىسمۇ ئاشىق مۇهەببەت دەردىنى،
قۇت-ۋىسال شارابىنى ئەيلەيدۇ نۇش.

ياۋغا سانجىپ ئۆچ-غەزەپتىن زۇلپىقار،
ئەل-ۋەتەننى قوغدىغاننىڭ بەختى قوش.

سۆيگۈ-نەپرەت زاهىدىغا قوشكېزەك،
ئۇرىدۇ ئىلهام ۋە زوق قەلبىمدە جۇش.

# جانان ئىمىش

بىر ۋاپادار قىز ساڭا جانان ئىمىش،
ئىشق ئوتۇڭدا يۈرىكى گۈلخان ئىمىش.

چېھرىدە نۇر ۋە گۈزەللىك جىلۋىسى،
كۆزى شەھلا، چاچلىرى بوستان ئىمىش.

قول قويارمىش خىسلىتىگە ئەل ۋە يۇرت،
چىن ساداقەت تەختىدە سۇلتان ئىمىش.

سەن يېتىم نامرات، ئۇ باي پۇشتى تۇرۇپ،
يوللىرىڭدا مىڭ جېنى قۇربان ئىمىش.

سايە قىلسا ئانىسى بايۋەچچىنى،
رەت قىلارمىش، غەزىپى ۋولقان ئىمىش.

ئاز تېپىلغاي ئۇ كەبى قىزلار بۈگۈن،
نەزىرىدە پۇل ئەمەس، ۋىجدان ئىمىش.

يوشۇرۇن پات-پات سېنى ئەيلەپ تاۋاپ،
ساتما كۈلبەڭگە ئەزىز مېھمان ئىمىش.

سۆيگۈسى ئىقبال يولۇقنى يورۇتار،
كۈندۈزى كۈن، تۈندە ئاي، چولپان ئىمىش.

قۇت تىلەيدۇ زاھىدى ساڭا يىگىت،
ياخشى يار بىرلە ئۆمۈر خەندان ئىمىش.

www.uyghurkitap.com

# تۇف

پور تېرەكتەك قامىتىڭ، بەستىڭگە تۇف،
ئىمتىياز دەسمايىسى كەسپىڭگە تۇف.

يۇرسە پۇقرا ئاچ-يېلىڭ، قان قاقشىتىپ،
توپلىغان هارام مېلىڭ-ۋەسلىڭگە تۇف.

جىق يېدىڭ يېتىم-يېسىرنىڭ هەققىنى،
دېدى ئەل جەددى-جەمەت، نەسلىڭگە تۇف.

بىلمىدىڭ پۇقرامۇ ئىنسان (ئەڭ ئۇلۇغ!)
خار كۆرۈپ مەنسىتمىگەن ئەپتىڭگە تۇف.

بولمىسا ئۇ، ئاچ قېلىپ ئۆلمەسمىدىڭ،
يىلتىزىڭنى ئۇنتۇغان ئەقلىڭگە تۇف.

يۇرت-ئاۋام ئىشلەپ جاپالىق، تۆكسە تەر،
پايدىنى چۆنتەكلىگەن قەستىڭگە تۇف.

هەل ئەمەس ئالدىڭدا هېچ ئىش پارىسىز،
ئەجدىهادەك تويمىغۇر نەپسىڭگە تۇف.

زاهىدى كۆرگەي سېنى دار-تۇرمىدە،
قۇمغا تىكلەنگەن بىنا-تەختىڭگە تۇف.

# قاراپ باق

ئادەملىكتىن ياتلاشقان خىسلىتىڭگە قاراپ باق،
مەھكۇم، نادان، نائىناق قىسمىتىڭگە قاراپ باق.

رىياركارنى، ئۆكتەمنى ئەتىۋارلاپ، ئۇلۇغلاپ،
ئاقىللارنى يەكلىگەن ئىللىتىڭگە قاراپ باق.

كۆكتە پەرۋاز ئەيلىسە خەلقىڭ ئەمەس، ئۆزگىلەر،
توپا-توزان قاپلىغان ئىززىتىڭگە قاراپ باق.

ئۆزەڭ تېخى قىلالماي، باشقىلارنى قىلدۇرماي،
ئورا-لەھەت كولىغان خىزمىتىڭگە قاراپ باق.

ئاكىۋۇدەك ماختىنىپ «غالىب» دەيسەن ئۆزەڭنى،
مالايمۇ سەن، خوجايىن، قىممىتىڭگە قاراپ باق.

«لاتا پىچاق بەندە» دەپ ئاتايدىكەن كىشىلەر،
بىلىم، ئەقىل، تەدبىرىڭ، ھىممىتىڭگە قاراپ باق.

غادىيىسەن خاقاندەك ئۆز خەلقىڭنى كۆرگەندە،
ئۆزگىلەرنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتىڭگە قاراپ باق.

ئىسلاھاتتا تۇلپاردەك داۋان ئاشسا كىشىلەر،
تاشپاقىچە ئۆمىلەش سۈرئىتىڭگە قاراپ باق.

زاھىدى دەر: پوچىلىق، قۇرۇق گەپتىن ئەل بىزار،
ئېتىقادىڭ، ۋىجدانىڭ، سۈپىتىڭگە قاراپ باق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۇرمۇش

ياغسا يامغۇر دەشتۇ چۆل چالغاي چاۋاك ،
خىلمۇخىل گۈلگە تولار تۇپراقۇ خاك .

ۋەسلىگە يەتكەچكە بۇلبۇل گۈلنىڭ ،
خۇش ناۋا ئەيلەيدۇ بولماي باغرى چاك .

ئەجرىدىن باغۋەن بوۋاينىڭ باغ ئارا
تولىدۇ ئاپئاق چېچەككە ئالما ، ناك .

بار بىراق گۈللەرنى چەيلەپ سۇندۇرۇپ ،
چاچقۇچى باغۋەن كۆزىگە قۇم ـ ئاهاك .

خورلىغاي ئاق دىل ، سەمىمي كىشىنى ،
مۇتتەھەملەرنى چېكەلمەس ئەسلا تاك .

تۆھپىسىزلەر ۋالاقلاپ توختىماس ،
يات شالاقلاشقا سۆيى لىق بولسا باك .

زاھىدى دەر : كۆپ ياشا ، يا ئاز ياشا ،
بۇلغىماي روھ ۋە تېنىڭنى ساقلا پاك .

# مۇبارەك

قالغانىدىم تىلەپ ئاقيول، مۇبارەك،
خۇش كېلىپسەن قايتىپ ئۇدۇل، مۇبارەك.

باقار ئىدىم يوللىرىڭغا تەقەززا،
لېۋى غۇنچە، چېچى سۇمبۇل، مۇبارەك.

ئۇنتۇماپسەن ساداقەتلىك يارىڭنى،
سۆيۈندى جان، يايراپ كۆڭۈل، مۇبارەك.

بوپتۇ قۇتلۇق، سان-ئۇتۇقلۇق سەپىرىڭ،
يارىشىپتۇ مىنگەن دۇلدۇل، مۇبارەك.

قارشى ئالدىم ساڭا ئېچىپ كەڭ قۇچاق،
قەددى سەرۋى، رۇخسارى گۈل، مۇبارەك.

تۈگەپ ھىجران كەلدى بەخت ئەييامى،
گۈل شېخىغا قوندى بۇلبۇل، مۇبارەك.

زاھىدى دەر: ساداقەتلىك سۆيگۈدە،
بولغاي مۇراد-ئارزۇ مەقبۇل، مۇبارەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بولساڭمۇ بەگ

مەرتىۋەڭ ئۆرلەپ ئەگەر بولساڭمۇ بەگ،
كەمتەرىن بولغىن خەلققە باشنى ئەگ.

مېھرىبان، ئادىل بولۇپ يۇرتنى سورا،
مۇتتەھەم زالىمغا شىردەك تازا تەگ.

چاقما ئاش بەرگەن قازاننى ھېچقاچان،
ئىگىسىنى چىشلىمەس ھەتتاكى سەگ.

چاغلىما ئەلنى چۇمۇلە، پور كۆتەك،
سەن ھەرە بولساڭ، خەلق گويا ئىكەك.

ئەرزىمەس مەنسەپ ئۈچۈن قىلما كىبىر،
ئەل باراقسان چوڭ دەرەخ، سەن بىرلا بەرگ.

ئەلنى ئاسرا بۆرىدىن چوپان كەبى،
غۇلىغاي تېرەك ئاسان، كولانسا تەگ.

كۈيچىسەن زاھىدى، مەنسەپدار ئەمەس،
تۆھپە-ھىممەت بەلۋېغىنى بەلگە چەگ.

# باغۋەن نەزمىسى

خۇرسەنلىكىم ئوكيان مېنىڭ، قەلبىم كۈيى داستان مېنىڭ،
بولدى بۈگۈن بايرام ماڭا، ئايەم مېنىڭ، جەۋلان مېنىڭ.

ئەل-يۇرت تامام ئىززەت قىلىپ، ۋالى، رەئىس يوقلاپ كېلىپ،
«ئۇستاز» دېدى تەزىم بىلەن، ئالقىش، شەرەپ ۋە شان مېنىڭ.

قىزىپ ئۇلۇغلاش بەزمىسى، ياڭراپ غەزەلخان نەزمىسى،
چۈشتى ئۇسسۇلغا پەرىلەر، بەزمە تۆرى، مەيدان مېنىڭ.

ھۆرمەتكە باب ئىنسان ئاتاپ، قۇتلاشتى ئەل مېدال تاقاپ،
تۆھپەم بېغىنىڭ بۇلبۇلى، قىلدى خۇشال خەندان مېنىڭ.

توي بەزمىسىدە ئولتۇرۇپ، ئىچكەچ قەدەھنى تولدۇرۇپ،
قىسمەتلىرىمنى ئويلىدىم، كەچمىشلىرىم چەندان مېنىڭ.

بۇندىن تالاي يىل ئىلگىرى، كۆڭلۈمدە غايە دىلبىرى،
داشۆنى كەلدىم پۈتتۈرۈپ، يارىم ئىدى ئىرپان مېنىڭ.

ئىش باشلىدىم باغۋەن سۈپەت، ئاچتى ھاياتىم يېڭى بەت،
ئىلكىمدە ياشناپ تارتتى بوي نوتا-كۆچەت، ئورمان مېنىڭ.

چىقتى قولۇمدا يېتىلىپ، پەن ۋە ئىجادقا ئىنتىلىپ،
نۇرغۇن تالانت — ئالىم، ئەدىب، ئەل رەھبىرى، پالۋان مېنىڭ.

ئەپسۇس، تىنچىسىز بۇ جاھان، كۆكلەمدە گاھى جۇت-بوران،
نوتا شېخىمنى قايرىدى سۈنئىي «قىزىل بوران» مېنىڭ.

www.uyghurkitap.com

قۇتراشتى سولخاي تەلۋىلەر، ئەۋج ئالدى تۆھمەت ـ غەلۋىلەر،
يۇرت سورىدى تۈلكە ـ قاۋان، ئاش ـ ئوزۇقۇم ئەپغان مېنىڭ.

جاھىل، نادان خۇددى جەسەت، ئاقىلغا دۆت قىلغاي ھەسەت،
ئەتتى ئەلنى قەددىمنى دال تۆھمەت ـ ھەسەت، بۆھتان مېنىڭ.

بولدى ئېغىر زەپ قىسمىتىم، خورلاندى ئىززەت قىممىتىم،
تۆھپەمنى پايمال ئەيلىدى شۇم جادۇگەر شەيتان مېنىڭ.

دۇنيادا ئىش يوق بىسوراق، بورانمۇ «چەكسىز»دىن يىراق،
شۇ چاغ دىلىمغا يار ئىدى ئىقبال نۇرى ـ ئارمان مېنىڭ.

ئەل غەزىپى ـ قەھرى ئېشىپ، يۇرت دېڭىزى ـ نەھرى تېشىپ،
تۈگەپ قارا تۈن، چاقنىدى باشىمدا نۇر ـ چولپان مېنىڭ.

دىل نۇرلىنىپ يەن تېڭىدىن، ئىشقا تۇتۇندۇم يېڭىدىن،
جۈرئەت ۋە ئەمگەك بەھرىدىن بولدى بېغىم بوستان مېنىڭ.

بۇ باغ چىمەنزار مەكتىپىم، سىڭدى ئاڭا ئەجرىم ـ قېنىم،
مىللەت، دەۋرنىڭ سوۋغىسى «باغۋەن» دېگەن ئۇنۋان مېنىڭ.

ئالدىمدا ياش ئەۋلادلىرىم، ئىز باسقۇچى پەرھادلىرىم،
ئىرپان ـ مائارىپ ئىشىغا سۆيگۈم گويا گۈلخان مېنىڭ.

ئۇچماقتا ياش تۈلپارلىرىم، پەن كۆكىدە شۇڭقارلىرىم،
كۆردۈم بۈگۈندىن ئەتىنى، كەڭ ئوربىتا ـ ئاسمان مېنىڭ.

# ساھىبجامال

قىلدى مەپتۇن مېنى بىر ساھىبجامال،
ھۆسنى-سۈلكەتتە ئەجەب تاپقان كامال.

قورشىغاندەك قەلئەنى سانسىز قوشۇن،
قىلدى قەلبىم قەسرىنى ئىشقى قامال.

قانچە قىلدىم، بولمىدىم بەندىتىن خالاس،
يوق ئىكەن سۆيگۈ ئوتىغا ھېچ ئامال.

قاچتى ئۇيقۇ، ئىشتىھا، رىزقىم پىغان،
باشتا سۆيدى، ئاخىرى قىلدى ئۇۋال.

جاندىن ئۆتتى بۇ ئىغىر كۈلپەت، ئەلەم،
نۇر-قۇياشلىق كۈندۈزۈم بولدى زاۋال.

قېنى خۇشچاقچاق يىگىتلىك مەندىكى،
باستى دىل خانەمنى دەردلىك ئوي-خىيال.

زاھىدى دەر: پۈتتى سەۋرۇ تاقىتىم،
قىينىما بۇنچە مېنى، كۆرسەت ۋىسال.

www.uyghurkitap.com

# دىلبىرىم

سەن ئۇزاتقان ئاشۇ چاغنى ياد ئېتەرمەن، دىلبىرىم،
گۈل يۈزۈڭنى سېغىنىپ دىلشاد ئېتەرمەن، دىلبىرىم.

كۆز ئىدى، ئايدىڭ ئىدى، يولغا ئۇزاتتىڭ، مەن دېدىم:
دەشتۇ چۆللەرنى گۈزەل، ئاۋات ئېتەرمەن، دىلبىرىم.

بىر ئۆمۈرلۈك پاك مۇھەببەت — كۈچ، جاسارەت بۇلىقى،
نى جاپالار ئالدىدا سۇبات ئېتەرمەن، دىلبىرىم.

لەۋلىرىڭنىڭ يالقۇنى كۆچتى يۈرەككە، بەردى كۈچ،
شۇڭا توسقۇنلارنى مەن بەربات ئېتەرمەن، دىلبىرىم.

تۇنجى سۆيگۈ بېغىغا ئەكتۇق ساداقەت ئۇرۇقى،
ئۇنى ئاسراپ ئۆستۈرۈپ شەمشاد ئېتەرمەن، دىلبىرىم.

پىشۇرۇپ ئەجرىمدە مېۋە نەۋقىرانلىق پەسلىدە،
يۇرت ۋە خەلقىمگە، ساڭا سوۋغات ئېتەرمەن، دىلبىرىم.

كۆكرىكىمدە قوش مېدال، بەرگەچكە رىغبەت ئىشقىمىز،
كەشپىيات ھەم يېڭىلىق ئىجاد ئېتەرمەن، دىلبىرىم.

رىغبىتىڭ قىلدى مېنى پەرھات كەبى ئىشچان، جەسۇر،
سۆيگۈنى ئۆرلەش ئۈچۈن قانات ئېتەرمەن، دىلبىرىم.

قۇت-ۋىسال ۋاقتى يېقىن، مامۇتنى كۈتكىن، بول ئامان،
تويىمىزغا ئالتۇن قەسىر بۇنيات ئېتەرمەن، دىلبىرىم.

# ھىجران چۆلى

دىلغا ياققاچ بىر پەرى ئوت دەم ـ بەدەم،
ئەھلى ئاشىقلار سىيىدە مەن بۇ دەم.

كۆز يېشىمدۇر ياغقىنى، يامغۇر ئەمەس،
قالمىدى يېغىۋېرىپ كۆز، تەندە نەم.

لۇغىتىمدىن يوٚتتى «قىش، مۇز» سۆزلىرى،
يەتتە دوزاخنىڭ ئوتى جىسمىمدا جەم.

تاشلىدى ھىجران چۆلىگە ئىشق مېنى،
تاش ـ تىكەنلىك، دەرد ـ ئازابلىق ھەرقەدەم.

كۆنۈ تۈن چەكتىم پىغان يار دەردىدە،
تەلۋىلەر سالدى جېنىمغا جىق ئەلەم.

ئۇردى مىڭ پەرياد خاراب ھالىم كۆرۈپ،
رابىيە، ھۇزرا، شىرىن، زۆھرە، سەنەم.

بەر جاۋاب زاھىدىغا ئەمدى نىگار،
ئىنتىھا تاپسۇن شۇدەم ھىجران ۋە غەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ياشلىقىم

خۇددى جاناندەك گۈزەلسەن ياشلىقىم،
لەززىتى شېرىن ھەسەلسەن ياشلىقىم.

يازدى كۆپ شائىر، ئەدىب كۈيلەپ سېنى،
تۈگىمەس داستان، مەسەلسەن ياشلىقىم.

قوشكېزەك سۆيگۈ، بىلىم، تۆھپە ساڭا،
پەم-ئەقىل، جۈرئەتتە تەلسەن، ياشلىقىم.

قالسا ئۆمرۈم كارۋىنى تۈن ئىلكىدە،
نۇر چاچار پارلاق زۇھەلسەن ياشلىقىم.

بارمۇ ئەل رىزاسىدىن ئارتۇق بەخت،
كەشىپ-ئىجادىمغا بەدەلسەن ياشلىقىم.

كۈيلىدى، كۈيلەيدۇ دائىم زاھىدى،
تەرىپى پۈتمەس غەزەلسەن ياشلىقىم.

# جان نىگارىم

بەختىيار مەن جان نىگارىم سەن بىلەن،
لېۋى گۈل، كۆزى خۇمارىم سەن بىلەن.

دەشتتە يۈرسەم دەشت بىلىنگەي گۈل-چىمەن،
قىشتىمۇ ياشنار باھارىم سەن بىلەن.

بىللە ئۆتتۇق نى جاپالار تېغىدىن،
مەرد، ۋاپادار گۈلئۇزارىم سەن بىلەن.

ئاي-قۇياشىمسەن ھاياتىم كۆكىدە،
يوپيورۇق لەيلۇ ناھارىم سەن بىلەن.

سەن پەرىشتەم توغرا يول كۆرسەتكۈچى،
تۈگىمەس جۈرئەت-ماجالىم سەن بىلەن.

زاھىدى قەلب سۆزىنى قىلغان جاكار:
بىر ئۆمۈر ئۆتمەك قارارىم سەن بىلەن.

# تۇت قەدەھ

گۈل شاراب كەلتۈر نىگارىم، تۇت قەدەھ،
ئاشتى تەشنالىق-خۇمارىم، تۇت قەدەھ.

قىينىدى، جاندىن ئۆتتۈپ رەشك ئوغىسى،
ئەملىنەر دىل ئازارىم، تۇت قەدەھ.

بىر كۈنى مىڭ يىل تۈيۈلدى ھىجرىنىڭ،
پۈتتى تاقەت ھەم قارارىم، تۇت قەدەھ.

قۇترىغان جۇتلاردا تۇردۇم تىك، غەيۇر،
رىغبىتىڭدە گۈلئۇزارىم، تۇت قەدەھ.

سېغىنىشتا ئۆتتى قانچە كۈز ۋە قىش،
تەستە كەلدى بۇ باھارىم، تۇت قەدەھ.

قۇت-ۋىسال قۇچتۇم زەپەر ئەييامىدا،
ياگرىدى ناخشا-دۇتارىم، تۇت قەدەھ.

ئالدىمىزدا يول ئۇزۇن، مەنزىل يىراق،
بول ھامان قەيسەر چىنارىم، تۇت قەدەھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پو

يوشۇرۇپ نۇقسان، نىزا، ئىللەتنى پو،
قىلىدۇ بىخۇد، نادان مىللەتنى پو.

بار بۇ ھەقتە بىھېساب قانلىق ساۋاق،
ئۇرىدۇ يەرگە شەرەپ، ئىززەتنى پو.

ئۆزىنى قالتىس تۇتۇشنى ئۆگىتىپ،
يوقىتار ئەلدىن ئەقىل، قۇدرەتنى پو.

ياشىساقمۇ نۇر-ئېلېكتر دەۋرىدە،
يۈكسىلىشكە بەرمىگەي پۇرسەتنى پو.

يۈرىمىز مەغرۇر كۆرەڭلەپ، گىدىيىپ،
قەبرىلەرگە كۆمىدۇ جۈرئەتنى پو.

بولىدۇ غۇربەت، پۇشايمان رىزقىمىز،
قالدۇرار خورلۇقتا شان-شۆھرەتنى پو.

پوچىلىقتىن ئال ساۋاق ئەي زاھىدى،
بەرمىگەي تۆھپە، بەخت، ھۆرمەتنى پو.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# پەنگە يۈرۈش قوشىقى

چەشمە ـ بۇلاقلار قاينىدى، كۆكلەم قىيانى يامرىدى،
گۈللەپ گۈلىستان بىر تۇتاش، غۇنچە ـ چېچەكلەر ئاينىدى.

قۇچقاچنى سۇمۇرغ مات قىلىپ، كۈلدۈردى ئەلنى شاد قىلىپ،
باغدىن يوقالدى شۇم تىكەن، بۇلبۇل ۋە كاككۇك سايرىدى.

كۆرسەتتى يول شانلىق يىغىن[1]، بولدى كېلەچەكمۇ يېقىن،
چارەك ئەسىر رىجەسىدىن دىللار سۆيۈندى، يايرىدى.

كومپارتىيە پەرمان قىلىپ، بايراق ـ ئەلەم جەۋلان قىلىپ،
باشلاپ يېڭى ئۇزۇن سەپەر، مەردلەر نىشانغا چامدىدى.

توسقاندىمۇ مۈشكۈل ـ خەتەر، كۈندە بېسىپ ئايلىق سەپەر،
ماگدى جاپالىق پەللىگە، تاغ ھەم داۋانلار ئاتلىدى.

ياگراپ ئىجادنىڭ ناخشىسى، ياشناپ ئىلىم ـ پەن باغچىسى،
تىنك چوققىلارغا ئۆرلىدۇق، دۇلدۇللار چاپتى، ھارمىدى.

ئالىم ـ ئەدىبلەر تىرىشىپ، ياشلىق باھارغا ئېرىشىپ،
قىلدى تۆمەنلەپ ئىختىرا، خەلقىمگە سوۋغا يوللىدى.

«مۆلچەر» بازارى بوپ كاسات، ئوقۇتقۇچى بولدى ئازاد،
دەۋرىم بېرىپ ھۆرمەت، شەرەپ، كەڭ ئاما قىزغىن قوللىدى.

---

[1] مەملىكەتلىك ئىلىم ـ پەن يىغىنى

ئاقلاندى تارىخ، پەلسەپە، كىردى لەھەتكە سەپسەتە،
ھەممە ئېقىملار جانلىنىپ، بەس-بەستە ياشناپ گۈللىدى.

بولغاچ زىيانداشتىن ئازاد، جۇش ئۇردى قايناق كەيپىيات،
پەنگە يۈرۈشنىڭ دولقۇنى سەھرا-شەھەرنى قاپلىدى.

ماڭدۇق بۈگۈن بىر سەپتە بىز، تېز يېتىمىز مەقسەتكە بىز،
نۇر چاچتى ھۆرلۈك بايرىقى، ئىقبال قۇياشتەك چاقنىدى.



www.uyghurkitap.com

# مۇھەببەتتە گۈزەلدۇر ئالەم

بىر پەرىزات ماڭا: ئەي ئادەم، دېدى،
ئەقلۇ ھېكمەتتە بېرەي ياردەم، دېدى.

بىرى ئالەم، بىرى سۆيگۈ قېرىماس،
يوق مۇھەببەتكە زاۋال ـ ماتەم دېدى.

شاد ياشا، چىن سۆيگۈنىڭ پەيزىن سۈرۈپ،
بول نىگارىڭغا سېخىي ھاتەم، دېدى.

دەرد ـ ئەلەم، ھىجران ۋاقىتلىق قارا چۈش،
تەگرى سۆيگۈ ئەھلىگە ھەمدەم، دېدى.

يار ئۈچۈن ئوتلاردا كۆي، دەريادا ئاق،
بول جاپالار ئالدىدا بەردەم، دېدى.

سۆيگۈسىز ئىنسان ئۆلۈك، مۇزدۇر زېمىن،
سۆيگۈ ئاجۇن دەردىگە مەلھەم، دېدى.

زاھىدى بۇ سۆزنى ئوي قەلبىڭگە تېز،
پاك مۇھەببەتتە گۈزەل ئالەم، دېدى.

# سوپى

كىيگىنى جەندە، كۇلا، دەستار، سوپى،
ھىيلە ـ نەيرەڭدە كەمەك ئەييار سوپى.

نە كەمەك ئەھلى جاھاننى ئازدۇرار،
سۇرىتى ئىبلىس سۇپەت مەككار سوپى.

يامرىتىپ ئەلدە ئاداۋەت، تەپرىقە،
ئىشلىمەي تەييارغا شەيخ، ھەييار سوپى.

ئۆزى تائەتتە، دىلى ئىشرەتتىدۇر،
بەڭ، ئايال، پاقلانغا زەپ خۇشتار سوپى.

ساتىدۇ پۇلغا ئىمان، مىللەتنىمۇ،
قىلمىغاي قىلچە بۇ ئىشتىن ئار، سوپى.

يىرگىنىپ زاھىدى سەندىن دىدى داد،
بولمىسۇن ئىنسان ساڭا ئەسرار، سوپى.

# ئۈچرىدى

بىر پەرىۋەش يولدا ناگاھ ئۈچرىدى،
ئەقلى دانىش، قەلبى ئاگاھ ئۈچرىدى.

سۇرىدى ئەھۋال تەبەسسۇم ئىلكىدە،
مېھرىبانلىق تەختىدە شاھ ئۈچرىدى.

كەتتى ھارغىنلىق، سەپەر بولدى ئاسان،
بال سۇخەن، شەپقەتچى ھەمراھ ئۈچرىدى.

غەم تۇمانى تارقىلىپ، روھلاندى دىل،
مۇڭغا مۇڭداش ياخشى دىلخاھ ئۈچرىدى.

سىردىشىپ ئاچىلدى دىل دەرۋازىسى،
ئەبەدىيلىك دوست ۋە ھەمراھ ئۈچرىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگە ئادرېسى

## ئىدىقۇت گۈزىلى

مەھلىيا قىلدى مېنى رەسمىڭ پەرى،
«ئىدىقۇتنىڭ گۈزىلى» ئىسمىڭ پەرى.

رەڭ ئالار سۈبھىدە چېھرىڭدىن شەپەق،
بەلكى يالقۇنتاغمىكىن جىسمىڭ، پەرى.

تۇرسەن تەكلىك ئارا جىلۋەڭ بىلەن،
ھۆرمىدۇ، ئىنسانمىدۇ ئەسلىڭ، پەرى.

قوزغىتار ئەرشۇ-زېمىندا ئاپىرىن،
ئۈز جامالىڭ، سەرۋىدەك بەستىڭ، پەرى.

كەلدى مىڭئۆيى قىزلىرى ئەسكە شۇ تاپ،
ئەسلى شەرقنىڭ گۈزىلى نەسلىڭ، پەرى.

ئەلگە پۇر ئىشچانلىقىڭ، دانالىقىڭ،
ئەرزىگەي بولسا گۆھەر تەختىڭ، پەرى.


يوق ئارام، ئۈيقۇ ھارام، كۆيدۈم ساڭا،
ئاھ، مېنى قىيناشمىدى كەسپىڭ، پەرى.

زارلىنىپ بۇلبۇل كەبى چەكتىم پىغان،
غەزىلىمدە تەرىپىڭ، ۋەسپىڭ، پەرى.

ئۆرتىنەر جىسمىم پىراق خۇمدانىدا،
مېنى كۆل قىلماقمىدى قەستىڭ، پەرى.

www.uyghurkitap.com

زاھىدى ئىزدەر سېنى تاغلار ئېشىپ،
بىر كۈنى بولغاي نېسىپ ۋەسلىڭ، پەرى.



# ھىجران دەردى

زەپ تولا تارتتىمغۇ جانان دەردىنى،
مۇشكۇلاتلىق ئىشقى غەليان دەردىنى.

بىلمىدى ئەسلا گۈزەللەر گۈزىلى،
چىن ۋاپا بابىدا سۇلتان دەردىنى.

ياشىدىم بۇ يۇرتتا ئاددىي ئەر بولۇپ،
چەكتىم ئەمما ھۆرى رىزۋان دەردىنى.

بىر قىيا باقسا، جىنىمنى ئالدى مىلك،
نە ئۈچۈن بىلمەيدىكىن جان دەردىنى.

كۆپ زامان كەزدىم جۇنۇنلۇق دەشتىدە،
ساپتۇ تەڭرىم ماھى تابان دەردىنى.

ئىشقى زەخىمدىن بولۇپ خۇن-خۇن يۈرەك،
تارتتى زەپ زۇلفى پەرىشان دەردىنى.

چەكمىدىم پەرياد، ئۈنى بىلدىم غۇرۇر،
كۈن مەسەللىك شاھى دەۋران دەردىنى.

يەتمىدىم ۋەسلى دىدارغا، كەچمىدىم،
چۈشىنىپ يەتكەچكە ھىجران دەردىنى.

چىن مۇھەببەت ئەھلى سەن ئەي زاھىدى،
قىل ۋاپا، چەك ئەھدۇ پەيمان دەردىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# شائىرلىق يولى

كىرسە شائىرلىق يولىغا ھەر كىشى،
پۇختا بولسۇن ئىجتىھادى، ئۇل تېشى.

بۇ ئۇزاق يول، مۇشكۈلاتلىق ھەر قەدەم،
بىر ئۆمۈر مېھنەت، جاپا بولغاي ئىشى.

يانمىغاي شائىر ئەقىدە يولىدىن،
مەۋج ئۇرۇپ قەلبىدە ئىلھام ئۆركىشى.

ۋايىسماس ھېچ چەكسىمۇ دەردۇ-ئەلەم،
شىر يۈرەكلىكتە ئۇ يۈرتنىڭ بېشى.

ئەل بىلەن بىر گەۋدە بىر جان بولغۇسى،
ئەڭ ئىبغىر كۈنلەردە ھەمدەم سەپدىشى.

ئۇ تۇرار مەزمۇت چىناردەك ياشىرىپ،
يىقىتالماس جۇت-بوراننىڭ سىلكىشى.

بولمىغاي پۇل-مالغا ھېرىس ھېچقاچان،
كەمبەغەل پۇقرا-ئاۋامنىڭ دىلكىشى.

يوق ئارام، ئۇيقۇ ھارام خۇددى ئاگا،
كۈنۈ تۈن ئىلھام پەرىسى سىردىشى.

چال بولۇپ مۈكچەيسىمۇ قەلبى قىران،
ئۆكسىمەس ئەل ھۆرمىتى، ئەل ئالقىشى.

# ياز ئاخشىمى

ياشلىق، گۈزەللىك، سۆيگۈگە بايدۇر تۈگەل ياز ئاخشىمى،
ھەرياق پۇرايدۇ گۈل-ئىپار، ياڭراپ غەزەل ياز ئاخشىمى.

كەتمەيدۇ ئاي يۇرت ئۈستىدىن، ئالغاي گۈزەللىك ھۆسنىدىن،
نۇر كەلكۈنىنىڭ پەيزىدە يايرايدۇ ئەل ياز ئاخشىمى.

تاغ سۈيى ئاققاي شوخلىنىپ، ئىچكەي زىرائەت زوقلىنىپ،
چاقىاق زېمىننى قاندۇرار دەريادا سەل ياز ئاخشىمى.

كۆي ناخشىغا تولغاي دالا، تاشلايدۇ مەجنۇنتال جۇلا،
گۈل شېخىدا، قىز چېچىدا ئوينايدۇ يەل ياز ئاخشىمى.

شاپتۇل، ئۆرۈك بولغاي قىيام، تەنگە شىپا، لەززەت، ئارام،
باغلاردا سانجاق مېۋىلەر يۇلتۇز-زۇھەل ياز ئاخشىمى.

قاچقان جىمىنىڭ ئۇيقۇسى، بەرمەس ئارام قۇت تۇيغۇسى،
جىددىي تۇتۇلغان ئىشىغا باي-كەمبەغەل، ياز ئاخشىمى.

دىلدا ئىشەنچ قۇرغان تەخت، بەرگەي ئەجىر ئاخىر بەخت،
تاپماق ئۈچۈن بايلىق، روناق بىر پەيتمۇ دەل ياز ئاخشىمى.

تاغ سەلكىنى چاچنى تارار، ئەر ئورمىدا ياندا نىگار،
بولمايدۇ زايا ئىش ئۈچۈن بەرگەن بەدەل ياز ئاخشىمى.


خاماندا چال-نەۋرە بوگۈن، دىلدىن ئازايغان غەش-تۈگۈن،
چەشلەنسە دان ئارزۇسىدەك، ئارمانى ھەل، ياز ئاخشىمى.

www.uyghurkitap.com

ئۇز شۇنچە خامان ناخشىسى، سۆيگۈ ۋە ئارمان ناخشىسى،
ئۇ بەردى شائىر كۆيىگە ئالتۇندا ھەل، ياز ئاخشىمى.

كۆللەردە سەيلە قولۋىقى، چىققاي جاپانىڭ ھاردۇقى،
قىرغاقتا بوستانلىق ئارا جۈپ-جۈپ گۈزەل ياز ئاخشىمى.

مەنمۇ ئۇلارغا جور شۇدەم، دىلدار قېشىمدا ھۆر شۇدەم،
دۇنيا كۆزۈمگە كۆرۈنەر جەننەت مەسەل ياز ئاخشىمى.



# ئاڭلىغاي

ناخشا ئېيتتىم، زوقى بارلار ئاڭلىغاي،
زېهنى ساز سەنئەتخۇمارلار ئاڭلىغاي.

گۈل بىلەن بۇلبۇل ناۋاسى قەدرىنى،
تاغۇ دەريا، لالىزارلار ئاڭلىغاي.

تونۇغاي زەرگەر گۆھەرنى بىر كۆرۈپ،
زەر تونۇغان بەختىيارلار ئاڭلىغاي.

تەلپۈنەر مەشۇق مۇھەببەت كۈيىگە،
تۈندە ئويغاق گۈلئۇزارلار ئاڭلىغاي.

تۈگىمەس ئالەمدە خۇشلۇق، دەرد ـ ئەلەم،
شاد ـ خۇراملار، خاكسارلار ئاڭلىغاي.

نەزمىدۇر تۇرمۇشتىكى ئەكس سادا،
گاھ قەسىرلەر، گاھى غارلار ئاڭلىغاي.

كەتسىمۇ زاهىدى قالغاي غەزىلى،
يۈرىكىدە ئىشقى بارلار ئاڭلىغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىللار سىېخىي ، ئادەملەر ئىشچان

## ئەلىشىر بوۋامغا

«چاھار دىۋان» ، «خەمسە»گىزنى ،
ئوقۇپ بوۋا، ئويغا پاتتىم.
ئۈنچە ـ گۆھەر ئوكيانىدا
غەۋۋاس بولۇپ غۇلاچ ئاتتىم.

ئىجادىتىڭى ماھارەتكە
بولدى ئەقلىم ھەيرانۇ لال.
نىمە ئارمان، ئادەم سىزدەك
دانالىقتا تاپسا كامال.

بەش ئەسىر ئەل يۈرىكىدە
ياشاپ كەلمەك ئەمەس ئوڭاي.
غەزەل ـ داستان قۇبىبىسىدە
ئىجادىڭىز نۇرانە ئاي.

•

سىزگە ۋارىس نەسىل بولماق،
بەختىم مېنىڭ، پەخرىم مېنىڭ.
ئەل ـ ۋەتەنگە، پەن ـ ئىجادقا
چىلك تۇتاشتى مېھرىم مېنىڭ.

1957 ـ يىل 6 ـ ئاپرېل

www.uyghurkitap.com

## تاڭ قۇياشى

مەن نۇرنى سۆيىمەن، نۇر ماڭا ئاشىق،
(نەسلىمدىن مىراستۇر ماڭا بۇ سۆيۈش!)
گۆدەكلىك ۋاقتىمدىن تا بۈگۈنگىچە،
ئادىتىم ھەر تاڭدا قۇياشنى كۆرۈش.

جانانىنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىمدەك،
ئۇپۇقنىڭ لېۋىگە باقىمەن تەشنا.
قارايمەن زوق بىلەن... قەلبىمدە شۇئان،
ئىلھامىم بۇلبۇلى باشلايدۇ ناخشا.

خانتەڭرى كەينىدىن پارلىغان قۇياش،
نۇرىدىن بۇلۇتلار كىيگەندە زەر تون.
مۆكۈشۈپ كېچىنىڭ ئاي-يۇلتۇزلىرى،
يوپيورۇق كۈندۈزگە ئورۇن بېرەر تۈن.

كۈلىدۇ يۈرىكىم، كۈلىدۇ زېمىن،
ئاجايىپ ئۆز، زىبا كۆرۈنەر دۇنيا.
تۈگەيدۇ سۈكۈنات، گۈرۈلدەر ھايات،
يېڭى كۈي ياڭرىتار دولقۇنلاپ دەريا.

1959-يىل ئاپرېل

# تۇنجى قار

لەپىلدەپ چۈشمەكتە قار ئۇچقۇنلىرى،
يوللارغا يايغانچە ئاپئاق داستىخان.
ئاق مالخاي كىيىپتۇ ئۆيلەر زەپ بەلەن،
نەي چالار ئىسقىرتىپ رەزگى شۇئىرغان.

دەرەخلەر شېخىدا كۈمۈشرەڭ چېچەك،
ئىلھامىم ئۆركەشلەپ ياسىدى دولقۇن.
سوغ شامال يۈزۈمگە تۇرسىمۇ ئۇرۇپ،
يۈرىكىم قېتىدا ياندى ئوت-يالقۇن.

ئاھ، قانداق چىرايلىق قار باسقان سەھرا،
ئوينايتتى ھەر «قارلىقنامە»دىن يۈرەك.
قوغلاش ۋە دومۇلاش، قېچىشقۇ پەيزى،
قىزىيتتى «قارلىق»نىڭ مەشرەپلىرى بەك...

تەلپۈنۈش ئېتىغا سالالماي يۈگەن،
تالاغا چىقتىم-دە، بىر ھازا كەزدىم.
ئۆزۈمنى قار گۈلى لىباسى كىيگەن،
سۆيۈملۈك نىگارىم قېشىدا سەزدىم.

1959-يىل ئۆكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# چوپان يىگىت

مالخايىنى قىرلاپ كىيىپ چوپان يىگىت،
پادىنى ھەيدەپ ماڭار يايلاقلارغا.
قارىساڭ كۆزلۈك تويماس سىمىز، ساغلام،
ئۇ باققان قوي، كالا ھەم تايچاقلارغا.

ئاۋۇلنىڭ ماھىر، داڭدار مالچىسى ئۇ،
ماھىر دەپ نامى مەشھۇر ئايماقلارغا.
كۆيۈنگەچ يۇرت ـ ئاۋامنىڭ ماللىرىغا،
ئېرىشتى نۇرغۇن لەۋھە، بايراقلارغا.

كۆڭلىرى ئۆتەر ئۇنىڭ خۇشال ـ خۇرام،
يېشىل مەخمەل كەبى چەكسىز يايلاقلاردا.
كۆتىدۇ ئىشتىن كەلسە ياش كېلىنچەك،
سارىماي، قىمىز، قىيزا، قايماقلاردا.

ئۇنىڭ چالغان دۇمبىرىسى دالا بويلاپ،
كېتىدۇ يىراقلاردىن يىراقلارغا.
قەلبىدە ۋەتەن مېھرى، ئىقبال ئىشقى،
تىكىلگەن ئۆتكۈر كۆزى ئۇزاقلارغا.

1960 ـ يىل يانۋار

# رازى ئىدىم

يوللار گويا ئاپئاق خەسىدەك،
توختىمىغان ئۇچقۇنلاشتىن قار.
گۈزەل ھېيتگاھ كوچىسىدا بىز،
ماڭماقتىمىز يانمۇيان قاتار.

قار ئۇچقۇنى شاخلاردا چېچەك،
ئەتراپ ئاۋات، خىيالىم دولقۇن.
«باھار گويا يۇرتۇمنىڭ قىشى»
شۇ تۇيغۇدىن قەلبىمدە يالقۇن.

سەزمەپتىمەن قار ئۇچقۇنلىرى
ئاقارتىپتۇ قاش، كىرپىكىمنى.
كۈلۈۋەتتىڭ قوڭغۇراقتەك شوخ،
بۆلۈپ بىردىن مېنىڭ گېپىمنى.

توختاپ قالدىم ھەدۇقۇپ شۇ چاغ،
ھەيرانلىقىم چىقتى چىرايغا.
دېدىڭ كۈلۈپ چاقچاق ئارىلاش:
«زەپمۇ ئوخشاپ قاپسەن بوۋايغا».

ئىككىلىمىز كۈلۈشتۇق ئۇزاق،
دېدىم: يېقىن بوۋاينىڭ تويى.
رازى ئىدىم بوۋاي-موماي بوپ،
بىرگە ئۆتسەك ئۆمرىمىز بويى.

1962-يىل دېكابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كارۋان بۇيۇك نەزمىسى

كارۋان بۇيۇك[1]، ئەي ۋەتەننىڭ شۆھرەتلىك يولى،
كەلمەكتىمەن سەندە بۇگۈن دۇلدۇلغا مىنىپ.
كەلمەكتىمەن ئانا يۇرتنىڭ ئىسسىق مېھرىنى
چىن پەرزەنتلىك سۆيگۈ تولغان يۈرەككە تېگىپ.

مەن كېلىمەن كەڭ ئازادە، يېڭى تاشيولدا،
ماشىنىمىز ئۇچار سۇمۇرغ، تېزلىكى شامال.
گۈل ۋادىلار، كەنت-يېزىلار، شەھەرلەر، باغلار،
ئويغىتىدۇ ياش قەلبىمدە قاناتلىق خىيال.

مەن كېلىمەن، قالار ئارتتا تاغۇ دەريالار،
بۇك دەرەخلەر كەگرى يولغا تاشلايدۇ سايە.
شۇ يول بويى ھەربىر ئۆتەك سۆزلەيدۇ ماڭا
تارىختىن، بۇگۈندىن قىسسە-ھېكايە.

1964-يىل ئاپرېل

---

[1] كارۋان بۇيۇك — يېپەك يولىنىڭ ھەقىقىي نامى

# ئىپتىخارىم

گۈزەل تارىمغا ئوغلانمەن، جاھاندا ئىپتىخارىم شۇ،
ئۇنىڭسىز يوق مېنىڭ بەختىم.
ئەجداد ـ كەشپكە بۆشۈك بولغان، كۆزۈمگە تۇتىيايىم شۇ،
كۈچۈم، ئەجرىم ئاڭا تەقدىم.
ئوغۇل ھەم قىزلىرى باتۇر قەدىمىي ئۈز دىيارىم شۇ،
ئۆتەر شاد، مەنىلىك ۋاقتىم.

گۈزەل تارىمغا ئوغلانمەن، بەلەنددۇر كۆكتە پەرۋازىم،
كۈنۈم يىلدۇر زەپەرلەردە.
ئەلگە كارۋانبېشى بولغاچ زامان سەردارى — ئۇستازىم،
ئاداشمايمەن سەپەرلەردە.
جىن ـ ئالۋاستى قىلسىمۇ جادۇ، زىمىستان بولمىغاي يازىم،
چېنىققانمەن خەتەرلەردە.

گۈزەل تارىمغا ئوغلانمەن، تامايىم يوقتۇر ئېھساندىن،
رىزقىنى ئەجىردىن تاپتىم.
خۇشالمەنكى قىلىپ مېھنەت، ئېلىپ بايلىق ئېتىز، كاندىن،
ھاياتنىڭ مېغىزىن چاقتىم.
شۇڭا بولدى بۇ جاي ئەلا بىھىشتىن ـ يات گۈلىستاندىن،
زېمىننى گۈل بىلەن ياپتىم.

گۈزەل تارىمغا ئوغلانمەن، يىراقمەن شەخسىيەتلەرگە،
ئىناق ـ ئۈم ئاقكۆڭۈل خەلقىم.
پەن ـ سەنئەت گۈللىدى، ئىرپان بېغى تولدى چېچەكلەرگە،
ئاڭا بىر قەترىدۇر ئەجرىم.

مۇئەللىممەن، غۇرۇرۇم شۇ — بىلىم بەرسەم گۆدەكلەرگە،
جاھانچە سۆيۈنەر قەلبىم.

گۈزەل تارىمغا ئوغلانمەن، جەسۇر ئەجداد تۇغى قولدا،
ياتقۇزدۇم ئۇل قەسىرلەرگە.
باسار ئورنۇمنى ئەۋلادلار، ماڭار ئىقبالغا كەڭ يولدا،
بېرەر تۇغنى نەۋرىلەرگە.
ئىجادىم-ئەمگىكىم ئۆلمەس، ئۇ يادلانغاي تۈمەن دىلدا،
يېتەر نۇرغۇن ئەسىرلەرگە.

1964-يىل سېنتەبىر



# ۋادەرىخا

## 1

ۋادەرىخا، مەن ئەجەب ئويغاق ئىدىم، باستى قارا،
ياتمىغان غەپلەتتە ھېچ، تۇيغاق ئىدىم، باستى قارا.

چۇشمۇ بۇ ياكى رېئاللىق، قالدى ئەركىم باغلىنىپ،
چاپچىغان تۇلپار ئىدىم، ئويناق ئىدىم، باستى قارا.

چوڭ جىنايەت بوپتۇ ئون يىل ئەلنى كۈيلەپ يازغىنىم،
پەن-ئىجادقا، نەزمىگە ئامراق ئىدىم، باستى قارا.

چاپلىدى بوھتان ماڭا پۇرسەتپەرەس ئۇردى پىچاق،
قارا رەڭدە بويىدى، ئاپئاق ئىدىم، باستى قارا.

كۆيدۈرۈلدى قانۇ تەر مەھسۇلى شېئىر-داستانلىرىم،
ئەلگە دوست، ياۋ بېشىدا قىڭراق ئىدىم، باستى قارا.

باغلىدى، ئۇردى ۋە قىلماق ئىستىدى گاس، بىزوۋان،
دەرستە-ناتىقلىقتا بىر چاقماق ئىدىم، باستى قارا.

تەلىيىم تەتۈرمۇ يا يۈزلەندىمۇ ئاپەت ماڭا،
ياغدى پېشكەللىك، كېسەل، ساپ-ساق ئىدىم، باستى قارا.

سوۋۇدى جىسمىم، يۈرەكتە ئۆچ-غەزەپتىن قاتتى مۇز،
سۆيگۈ-مېھرى ماگمىدەك قايناق ئىدىم، باستى قارا.

خەلقىم ئېيتار:«ئەي كامالىي، ئۇزمە ئاجۇندىن ئۇمىد»
كەلگۈسى ئىقبالغا مەن مۇشتاق ئىدىم، باستى قارا...

## 2

ئاينىغان تەتۈر پەلەكنىڭ ھېچ ساپاسى قالمىدى،
تۆھپىكارغا، ياخشىلارغا قۇت-ۋاپاسى قالمىدى.

چۈشتى تورغايلار قەپەزگە، قاغىغا ئامەت كېلىپ،
باغدا ناخشا، يەنى بۇلبۇل ئىلتىجاسى قالمىدى.

مەيلى رەھبەر، مەيلى ئالىم، مەيلى شائىر ھەپسىدە،
ئۈستىگە چاپلانمىغان ياۋنىڭ يالاسى قالمىدى.

ھەممە ياقنى قاپلىدى ئەنسىزچىلىك، يالغانچىلىق،
پىتنە-تۆھمەت سانىلىپ تۆھپە، خاتاسى قالمىدى.

سۇ ئەكەلگەنلەر بولۇپ خار، كوزا چاققان ئەتىۋار،
كەشىپ-بىلىمنىڭ ھۆرمىتى، قەدرى-باھاسى قالمىدى.

يايرىدى ئۆكتەم، زۇغۇيلار ئىش بۇزۇپ، دەۋران سۈرۈپ،
كەسىپ ۋە تۇرمۇش لەززىتى، تەمى، جۇلاسى قالمىدى.

كۆتۈرۈلدى سۆيگۈ، ھەمدەملىك كىشىلەر يادىدىن،
ئىزگۈلۈكنىڭ ئىپتىداسى، ئىنتىھاسى قالمىدى.


قالدى بوش مەكتەپ، زاۋۇت...
ئەۋج ئالدى يالقاۋلىق، جېدەل،
ئەھلى پەننىڭ تارتمىغان كۈلپەت-جاپاسى قالمىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەي كامالىي، ئۆتمىدىڭ قىيناقتا... جان چىڭكەن ئەجەب،
ساڭا چەرخنىڭ سالمىغان زۇلمى ـ بالاسى قالمىدى.

1967 ـ يىل دېكابىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئۇستاز قەبرىسى

يەكلەنگەن، خارلانغان، ئۇنتۇلغان ئۇستاز،
ئاھ، تاپتىم قەبرەڭنى مىڭ تەستە سوراپ.
نە قەبرە، بەلگە يا ئىزنا يوق بىر ئاز،
پىچاقتەك تىلىدىغۇ قەلبىمنى ئازاب.

ئولتۇرۇپ دۇئاغا كۆتۈردۈم قولنى،
كۆزدە ياش يامغۇرى، يۈرەكتە پىغان.
تەربىيىلەپ بىلىمدە مىڭلاپ ئوغۇلنى،
تاراتقان ئىدىڭغۇ جەنۇبقا ئىرپان.

زۇلمەتلىك زاماندا چاچتىڭ نۇر ـ ئاپتاپ،
سەن ئالىم مۇددەرس بولۇپ ئەۋلادقا.
زالىم بەگ، ئىشانلار سىلىپ كۆپ ئازاب،
سەن ياتقان ھەپسلەر تولدى پەريادقا.

ئەي تۇنجى ئۇستازىم ھىدايەت ھاجى،
ئۇلۇغسەن، ھاياتسەن ئەلنىڭ قەلبىدە.
روھىڭدا نۇر چاچار ئىرپانىنىڭ تاجى،
ياتسىمۇ گەرچە تەن ـ جىسمىڭ قەبرىدە.

1974 ـ يىل نويابىر

## سەپەر، مەن ۋە دىلبەر

ئاغرىنىسەن ئەي شەھلا كۆزۈم،
دوستلىرىمىمۇ رەنجىيدۇ شۇنداق.
جىمى خەتتە تەكرار شۇ سۆزۈڭ:
«ئۇنتۇدۇڭمۇ بىزلەرنى قانداق؟»

دەيسەن يىراق سەپەردىن كەلسەم،
«ئەمەسمىدى خەت يېزىم دىدار؟»
دەيمەن، يازدىم ئامرىقىم، بىلسەڭ،
تالاي مەكتۇپ، ئۇنتۇماي زىنهار.

پاك ۋە سۆزۈك سۆيگۈدىن فونتان،
ئوخچۇپ تۇردى يۈرسەم يىراقتا.
بولسام نەدە ئىززەتلىك مېھمان،
سەن يادىمدا، قەلبىم پىراقتا.

دەريالاردىن ئىزدەپ ئەكسىڭنى،
قىلدىم ئايدىن دېرىكىڭنىمۇ.
تۇتۇپ باقتىم پات-پات كۆكسۈمنى،
كۆكسۈمدە دەپ يۈرىكىڭنىمۇ.

ئورمانىدىكى ئوماق ئاھۇنىڭ
كۆزلىرىدە تاپتىم كۆزۈڭنى.
بۇلاقتىكى ئاي چۆمگەن سۇنىڭ
ئەينىكىدە كۆردۈم يۈزۈڭنى.

ساھىبخان مەي تۇتسا قوش قوللاپ،

www.uyghurkitap.com

جىلۋىلەندىڭ كۈمۈش قەدەھتە.
كەڭ دېڭىزدىن چىقسا كۈن پارلاپ،
كۆرۈندى ئۈز چېھرىڭ شەپەقتە.

كۆرسەم سەرۋى قامەت پەرىنى،
زىلۋا قەددىڭ كەلدى ئېسىمگە.
سېغىنىشتا ئۇنتۇپ سەۋرىنى،
تويماي باقتىم يوللۇق رەسىمگە.

گۈلزارلىق تاغ، باغلاردا يۈرسەم،
پۇراپ تۇردى ھىدىڭ ھەمىشە.
نەزمە ئۈچۈن خىياللار سۈرسەم،
ماۋزۇ بولدى ئېتىڭ ھەمىشە.

بولدۇڭ ئىلھام پەرىسى ماڭا،
سەپىرىمدە ئوماق گۈزىلىم.
مەكتۇپلىرىم ئەمەسمۇ ساڭا،
بېسىلغان ھەر نەزمە-غەزىلىم!؟

1981-يىل ئاۋغۇست

## سەددىچىندىكى سوئال

ئاستىمدا سەددىچىن، ئۈستۈمدە ئاسمان،
تۈرىمەن تىكىلىپ كەڭرى ئالەمگە.
ئۇقۇيدۇ جەڭنامە قەدىمىي سېپىل،
نىچۈندۈر يۈرىكىم تولدى ئەلەمگە.

ئەسىرلەر تېغىدىن ھالقىيدۇ خىيال،
نىزانىڭ قان دېغى جەڭ ئاتلىرىدا.
چاقنايدۇ بىھېساب غەزەپلىك سوئال،
روھلارنىڭ كېسىلگەن قاناتلىرىدا.

چىرىگەن تەختلەرنى ساقلاشقا ئامان،
زەنجىربەنت ئەل بۇندا ئىشلىگەن سىجىل.
ئىپتىخار كۆكىدە لەيلەيدۇ تۇمان،
ياسالغان تاش-توپا، جەسەتتىن سېپىل.

دانالار پەريادى، پۇقرا پىغانى،
ياڭرايدۇ گۇۋاھلىق بېرىپ كۈلپەتكە.
سېپىلگە بېكىنىپ زۇلمەت خاقانى،
نېمە نەپ يەتكۈزدى ۋەتەن، مىللەتكە؟

ياسىلىپ زۇلۇمدىن، نىزا، قان-ياشتىن،
بۇ سېپىل كىملەرگە بەردى ھۇزۇر-قۇت؟
سورىدىم قايتىلاپ زېمىن، قۇياشتىن،
ۋە لېكىن زېمىن جىم، قۇياشتا سۈكۈت...

1981-يىل سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى تاربىسى
www.uyghurkitap.com

## سايەم

باشلىق بولسام مەندىنمۇ بەكرەك،
خۇشال بولۇپ گىدەيدىك سايەم.
ئاستا-ئاستا پاتتىڭ غەپلەتكە،
دەپ ئىمتىياز-ھوقۇق ــــ دەسمايەم.

بۇرۇن ئىدىڭ ئەۋرىشىم ياۋاش،
كەمتەرلىكنى بەرمەيتتىڭ قولدىن.
نومۇس كۆرمەي بېرەتتىڭ سالام،
تەگتۇش سايە ئۆتكەندە يولدىن.

كېيىن دېدىڭ مەن پىل، ئۆزگە خەس،
گويا باقتىڭ يەرگە ئاسماندىن.
ئاخشاملىرى كەتمىدىڭ نېرى،
چىقىن ئوخشاش يات داستىخاندىن.

تەنبىھ بەردى باشقا سايىلەر:
«ئېگىز نەرسە يىقىلار قاتتىق»
ئەپسۇس، نېچۈن سالمىدىڭ قۇلاق،
ئالماشتىغۇ ھەسرەتكە شادلىق.

1984-يىل 20-ئىيۇل

# تاۋۇت كەيندىكى ئويلار

(ۋاپات بولغان ئۇستازلىرىمغا بېغىشلايمەن)

تاۋۇتىلىڭ كەيندىن كېلىمەن غەمكىن،
ئاھ، قەددىم پۈكۈلگەن ئېغىر ماتەمدە.
قەيەردە ۋە كىمدىن تاپىمەن تەسكىن،
يۈرىكىم مۇجۇلغان ئېغىر ئەلەمدە.

ئانا يۇرت تەۋرىگەن، ھەممە ھازىدار،
باشلىقمۇ، پۇقرامۇ كۆزدىن تۆكەر ياش.
زېمىنمۇ، ئىنسانمۇ يىغلايدۇ زار-زار،
قان رەڭلىك ئۇپۇقتا يىغلايدۇ قۇياش.

ماڭىمەن سۈكۈتتە، قەلبىمدە پىغان،
مەرد ئىدىڭ، ئوت ئىدىڭ، ياشىدىڭ بەك ئاز.
گۈل ئالدى، نۇر ئالدى ئەجرىڭدىن ئىرپان،
سەن بولدۇڭ كۆپلەرگە مېھرىبان ئۇستاز.

ياشىدىڭ بەك ئاددىي، بۇ — بىر مۇئەمما،
ئۆز كەسپىڭ بابىدا كۆرستىپ ھىممەت.
پۇتۇڭدا چۈمۈلە ئۆلمىدى، ئەمما،
بېشىڭدىن ئۆتتى جىق كۈلپەتلىك قىسمەت.

كېلىمەن تاۋۇتىلىڭ كەيندە ئويچان،
خىلمۇخىل سوئالدىن يۈرەك لەرزىدە:
نېمىشقا جاپاكەش باغۋەنىنىڭ ھامان،
بولىدۇ يۈرىكى ئەڭ بالدۇر زېدە؟

نېمىشقا ئۇلارنىڭ قىسمىتى مەۋھۇم،
سىپاھلار ئالدىدا، ھايات چېغىدا؟
مۇكاپات، بايلىقتىن مېھنىتى مەھرۇم،
ۋۇجۇدى ئۆرتىنەر خورلۇق دېغىدا.

پاشايدۇ بىر چەتتە، قىسمىتى يوچۇن،
ئۇنتۇلۇش، غۇربەتكە قىلىدۇ تاقەت.
ئەمەلدار، باي بولغان شاگىرتى ئۈچۈن،
ئۇ گويا پۇل، مەنسەپ شوتىسى پەقەت.

ئەسلىدە خان، سەردار، ئالىم ۋە ئەدىب،
ئۇستازسىز كىرەلمەس شۆھرەت قەسرىگە.
نېمىشقا كېتەر قۇت ئۇنىڭدىن داجىپ،
ئەل كىرگەن تۇرۇقلۇق ئىرپان ئەسرىگە؟

مۇئەللىم، ئەي ئۇلۇغ جاپاكەش ئىنسان،
ئەسلى سەن پەيغەمبەر، داھىدىن بۈيۈك.
ئەتتى چۆل دىللارنى ئەمگىكىڭ بوستان،
ئەۋلادقا، جاھانغا بولدۇڭ بىر تۈۋرۈك.

بىلىمدىن ئاچقۇزغان تۇرۇپ گۈل-چېچەك،
نېمىشقا سەن دائىم نەزەردىن ساقىت؟
ۋاقىتسىز ئۆلۈمىڭ، زەخىملىك يۈرەك،
ئەمەسمۇ ئەي ئۇستاز بۇنىڭغا پاكىت؟


چىن باھا ئاز تېخى پۈتمەس ئەجرىڭگە،
ياتقاچ بىز غەپلەتتە نادان ۋە سەبىي.
ئاھ ھايات چېغىڭدا سېنىڭ قەدرىڭگە،
ھەقىقىي يەتمىدۇق ئۆزگىلەر كەبى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادرىسى
www.uyghurkitap.com

كېلىمەن تاۋۇتىڭ كەينىدە ئۈنسىز،
مېڭەمدە سوئاللار چىگىش - گادىرماش.
تىكىلدىم، جامائەت توپى بىر دېڭىز،
پاللىدە يورىدى ئالدىمدا قۇياش.

1985 - يىل



# تاغلار ئۇلۇغ، تاغلار مۇقەددەس

تاغلار ئۇلۇغ، تاغلار مۇقەددەس،
ئاڭا سىڭگەن ھۆرمەت، شەرەپشان.
تاغلار غەيۇر، تاغلار زەبەردەس،
ئۇنىڭغا جەم مەرتلىك، قۇت ۋە قان.

مۇز ئەمەستۇر ئۇنىڭدا قاتقان،
مەزلۇملارنىڭ پىغان ياشلىرى.
تاش ئەمەستۇر باغرىدا ياتقان،
باتۇرلارنىڭ ئالتۇن باشلىرى.

ئۇچۇۋاتقان ئەمەستۇر بۈركۈت،
ئەجدادلارنىڭ روھى، سايىسى.
ھەسەن-ھۈسەن، شەپەق ۋە بۇلۇت،
روھلارنىڭ پاك ئارمان-غايىسى.

تاغلار تارىخ، تاغلار كۈي-داستان،
ئۇنىڭدا بار مۇھەببەت، نەپرەت.
تاغلار تۆھپە، تاغلار زەر ئەپشان،
زەمزەمىدىن چۆل بولار جەننەت.

1987-يىل يانۋار



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىللار سىخىي ، ئادەملەر ئىشچان

تىكلىدىم سوڭ بېتىگە كالېندارنىڭ
ھېسسىياتىم دولقۇنلىدى ياساپ قىيان .
مەن كۆرگەن قىرىق ئالتە قىش ـ باھارنىڭ ،
سۈرىتى كۆز ئالدىمدا بولدى ئايان .

قەدىمىم باشلىنىپتۇ بالىلىقتىن ،
نىشانلاپ ئىستىقباللىق بىر مەنزىلنى .
قۇتۇلۇپ بارا ـ بارا چالىلىقتىن ،
ئىجادتا بېسىپتىمەن ئوتتۇز يىلنى .

پولاتنى تاۋلىغاندەك دومنا ئوچاق ،
تاۋلىدى مېنى ھايات مۇھەببىتى .
رېئاللىق ئىلھامىمغا ئېچىپ قۇچاق ،
بەخش ئەتتى ئۈمىد ـ ئىشەنچ ئەل رىغبىتى .


كۈندۈزى ئەۋلادلارغا بىلىم بېرىپ ،
ئاخشىمى نەزمە تۈزدۈم سەترىلەردىن .
تۇلپارىم ئالغا چاپتى تىزگىن سېرىپ ،
ياسالدى ئۈركەش ئېقىن قەترىلەردىن .

ئىجادتا ئوڭاي ئەمەس داۋان ھالقىش ،
جۇدۇنسىز ، تۈز بولمىغاچ مەنزىل يولى .
ئالغىنىم گاھى تۆھمەت ، گاھى ئالقىش ،
خۇشالمەن ، مېۋە بەردى ئەجرىم گۈلى .

ھېلىمۇ سەپەردە مەن، تۇلپاردا مەن،
ئاخىرقى پەللە ــــ بېكەت تېخى يىراق.
كۆيلەشتىن توختىمايمەن گۈلزاردا مەن.
ئالغىچە ئۆز قويىنىغا ئانا تۇپراق.

قارايمەن كالېندارغا ئۆيدە بۈگۈن،
قەلبىمنى يالقۇنلىتار بىر ھاياجان.
چاقىندى ئىزلىرىمدىن شۇنداق يەكۈن:
ھاياتتا يىللار سېخىي، ئادەم ئىشچان.

1988-يىل دېكابىر



# كەلدى نوزۇر، كەل نىگار

## 1

دىلبىرىم، يېقىنلاشتى تويىنىڭ پەيتى،
قۇتلۇقلاي باھارىڭنى، يېڭى ياشنى.
بۇ ئەمگەك، مۇھەببەتنىڭ كاتتا ھېيتى،
قۇچاقلاي مۇبارەكلەي سەن قۇياشنى.

ئىسمىڭمۇ باھار سېنىڭ، كۆڭلۈڭمۇ ھەم،
باھارغا جانۇ جىسمىڭ بىلەن مەپتۇن.
مىسالى بىز ئىككىمىز غېرىپ-سەنەم،
ئوتتۇڭدا كۆيگىنىدىن يۈرەك مەمنۇن.

سېغىندىڭ، مەن سېغىندىم سەندىن ئارتۇق،
ھىجرانغا چېكىت قويسۇن ئەمدى ۋىسال.
بۇ ناخشام بولسۇن ساڭا سوۋغا-تارتۇق،
يولۇڭغا ئىنتىزارمەن ساھىبجامال.

## 2

سەن ماڭدىڭ بەش يىل بۇرۇن سېنتەبىردە،
داشۆدە پەن-تېخنىكا ئىگىلەشكە.
ئېرىشىپ بىلىم ئاتلىق ئەڭگۈشتەرگە،
يۇرتىڭ چۆل، دەرياسىنى يۆگەنلەشكە.

يادىمدا بىز خوشلاشقان ئاشۇ سەھەر،
قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەن شېغىللىق يول.
دېگەنتىڭ ناز-جىلۋىلىك بېقىپ دىلبەر:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«كېلىمەن ئوقۇش پۈتسە يۇرتقا ئۇدۇل.»

مۇھەببەت جامىدىكى مەينى ئوتلاپ،
مەست بولدۇم، دېيەلمىدىم ساڭا بىر سۆز.
كۆئىنلۈن سەپىرىڭنى قالدى قۇتلاپ،
نۇر تۆكتى ئىزلىرىڭغا ئاي ۋە يۇلتۇز.

سەن كەتتىڭ، خىيال سۈرۈپ قالدىم يالغۇز،
شامالدا يەلپۈنەتتى گاز ياغلىقىڭ.
تەسەللى بېرىپ ماڭا قىردا يالپۇز،
دېدى: كۈت، سادىق ساڭا ئۇز ئامرىقىڭ.

يۇلتۇزلار ئېيتتى ماڭا: سۆيگۈ-ۋاپا،
تاۋلانغاي پىراق-ھىجران ئوچىقىدا.
قەيسەرلىك ساڭا ۋىسال قىلغاي ئاتا،
شان-بەختىڭ ئانا سەھرا قۇچىقىدا.

ئىنسانغا ئۆمۈر دېگەن ئەمەس چەكسىز،
قىلىدۇ داۋام ئەمما ئەلەم مەڭگۈ.
كۆرىدۇ كىشى ھەرخىل قىسمەت شەكسىز،
يېڭىدۇ قىشنى باھار، دەردنى سۆيگۈ.

## 3

ئالدىراش ئۆتتى ۋاقتىم خىزمەت بىلەن،
مۇھەببەت گۈلخان بولۇپياندى دىلدا.
بارچىمىز ئىشلەپ سۇبات، غەيرەت بىلەن،
قۇچتۇق كۆپ ئۇتۇقلارنى شۇ بەش يىلدا.

بولمىدى ھەر قەدەمنى باسماق ئوڭاي،
توسالغۇ، مۈشكۈلاتلار چاچتىن تولا.
تۈزلىدۇق دېسەكمۇ يول ئەگرى-توقاي،
تەشنالىق ئىلكىدە باغ، ئېتىز-دالا.

باي بولدى بىر قىسىملار تېپىپ ئامال،
ۋە لېكىن نۇرغۇن كىشى يەنە نامرات.
بار تېخى ئۇزغانلارغا ھەسەت، قامال،
ھەممىگە تەكشى چۈشمەس يورۇق-ئاپتاپ.

باغلاندۇق ئېتىزغىلا، قۇرماي زاۋۇت،
«ئەشياچى» ئۇنۋانىغا شۈكرى قىلىپ.
غۇربەتتىن قۇتۇلمىدى تېخىچە يۇرت،
نادانلىق، غاپىللىقنى ئۇدۇم بىلىپ.

سەن كەبى بىلىملىكلەر بىزدە بەك ئاز،
پەن-ئىرپان شارابىنى ئىچەلمىدۇق.
رىقابەت دەۋرى دېدى: ئەيلە پەرۋاز،
سودىغا، تېخنىكىغا كۆچەلمىدۇق.

يەتمىدۇق تېخى نىشان پەللىمىزگە،
دەشت-چۆللەر كۈتەر مەرتلىك كارۋاننى.
ئاشىقلىق ئاتەش ياققان كۆڭلىمىزگە،
كەلدۇق بىز پۈكۈپ ئىقبال ئارماننى.

خېتىڭدىن بىلدىم نىگار، ئوقۇش تۈگەپ،
شەھەرگە قىلىشىپتۇ سېنى تەقسىم.
باشلىقنى قايىل قىپسەن، ناۋاتتەك گەپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«يۇرتۇمنى گۈللىتىشكە ئۆمرۈم تەقدىم»

ئاپىرىن ساداقىتىڭ، قەسىمىڭگە،
يار دېگەن سەندەك بولسا، نېمە ئارمان.
قارايمەن مۇھەببەتتە رەسىمىڭگە،
گوياكى قۇچىقىمدا ئوماق چولپان.

ئامرىقىم، قەدىمىڭگە تەقەززا يۇرت،
ئاڭلىغىن سەھرايىڭنىڭ قوشىقىنى.
باغ-چۆللەر تىلەپ دىدار، ساغلاملىق، قۇت،
ئاچماقتا ساڭا ئىللىق قۇچىقىنى.

4

ئۆزگىچە كەلدى نورۇز، بىلسەڭ بۇ يىل،
قۇياشقا، كەڭ زېمىندا ئۇمىد، زىيا.
مول ھوسۇل ئىشەنچىگە تولۇق ھەر دىل،
ئېتىزلار ياسانماقتا توزدەك گويا.

نۇر قاپلاپ يۇرتىنىڭ باغۇ بوستانىنى،
يامرىدى ئەگىز سۈيى، قار-مۇز ئېرىپ.
باشلىدى تورغاي، كاككۇك داستانىنى،
كۆكلەمگە يېڭى سادا-مەزمۇن بېرىپ.

تەۋرىدى ئىش-ئەمگەكتىن ئېتىز-دالا،
قىشتىكى ئارامىدىن كۈچ ئالغاندەك.
چىقىرىپ پوتلا، دەرەخ ئاستى جالا،
كېلىنچەك ھەم جۇۋانلار چاچ سالغاندەك.

بىپايان ۋادىلاردا كۆزگى بوغداي،
كۆرسەتتى زۇمرەت ھۆسن، ئۆسۈپ بولۇق.
جۇت ـ قىشتىن ئامان چىقىپ قوي، كالا، تاي،
سەمرىدى بوۋاقلاردەك ساغلام، بۇدرۇق.

كۆك ئاسمان قۇچتى سانسىز لەگلەكلەرنى،
باللار يۈگرىشىدە شادلىق، چۇقان.
سورىساڭ چاللاردىكى تىلەكلەرنى:
ھۆر تۇرمۇش، ئۇزۇن ئۆمۈر، گۈزەل ماكان.

سۆگەتلەر سايە سالغان كۆل بېشىدا،
چاچ تاراپ، ئوسما قويار قوشنا گۈزەل.
ئەگىيدۇ كەپىسىز شامال قىز قېشىدا،
تارايدۇ بۇندىن ئېپار ھىدلىق غەزەل.

زېمىنغا يېشىل مەخمەل گىلەم يېيىپ،
ئاقىدۇ باغ ـ ئېتىزدا باھار سۈيى.
كېلىشتى كۆچمەن قۇشلار يۇرتقا يېنىپ،
دەرەختە، ئۇۋىلاردا جۈپلەر تويى.

**5**

جابدۇنۇپ كەل دىلبىرىم، تەشۋىش يېمە،
سۆيگۈمىز دەرىخىدە چېچەك، ياپراق.
قۇشلارنىڭ تويى بولدى، بىزنىڭچۇ ـ ھە؟
بىلىسەن، قەلبىم ساڭا بەكمۇ مۇشتاق.

ئادەت بار يېزىمىزدا مۇقەددەمدىن:
نورۇزدا توي قىلغانلار ئۆمۈرلۈك جۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

بولىدۇ مەڭگۈ خالىي ھىجران ـ غەمدىن،
مۇشۇنداق قىرىغانلار بۇ يەردە كۆپ.

شەھەردە بولماس سەھرا تويىدەك توي،
ئۆزگىچە نورۇزدىكى توي بەزمىسى.
ئايەملىك تۇسكە كىرىپ يۇرت، دالا، ئۆي،
قىزىيدۇ ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى.

ئەرشتە ـ ئارغامچىدا ماگار دارۋاز،
نامايان قىلىپ مەردلىك، ماھارەتنى.
چېلىشتا ئەرلەر، ھەتتا قوشقار، خوراز،
مەيداندا كۆرسىتىدۇ جاسارەتنى.

تالزارلىق يوللار، دەريا ساھىللىرى،
ئادەملەر قايىنىمىدا ئاۋات، گۈزەل.
باھارغا ئاتاپ يۇرتۇم شائىرلىرى،
تاشلايدۇ بۇلاقلارغا نەزمە ـ غەزەل.

كەچقۇرۇن گۈلخان يانار ھەر تەرەپتە،
بۇندا جەم ماھىر سازچى، رەققاس تامام.
سەنئەتكە بۆشۈك بولغان بۇ مەشرەپتە،
تاڭغىچە ئۈزۈلمەيدۇ ناخشا ـ مۇقام.

نامراتلىق بىلىنمەيدۇ بۇنداق پەيتتە،
دەرت ـ ئەلەم ئۇنتۇلىدۇ خېلى ۋاقىت.
غۇربەتتە كۈلۈشنىمۇ بىلگەن مەرتكە،
تەر تۆكۈپ ياشاش، ئىشلەش روھى بەخت.

چىدىغان، چىدايدۇ يۇرت رىيازەتكە،
كېلەر دەپ قىش كەينىدىن قۇتلۇق باھار.
شۇڭلاشقا دېھقاندىكى جاسارەتكە،
بىھېساب يۇرەكلەردىن ئالقىش ياغار.

كېزىدۇ ۋۇجۇدۇمدا ئىشەنچ، غۇرۇر،
مۇشۇنداق يۇرتتا ياشاپ ئۆتكىنىمگە.
سېزىمەن كۆڭلىرىمدىن شادلىق، ھۇزۇر،
ۋاپادا ۋاپادارنى كۆتكىنىمگە.

نە ئارمان، بۇنداق چاغدا ۋىسال قۇچۇپ،
قۇتلۇق توي ياستۇقىدا قوشۇلسا باش.
نىگارىم، ئىنتىزارمەن، كەلگىن ئۇچۇپ،
نورۇزدا قۇت ـ ۋىسالدىن كۆلسۇن قۇياش!

1991 ـ يىل فېۋرال

# نەشپۈتلۈك يالدامىسى

گۈزەلسەن، ئاۋاتسەن نەشپۈتلۈك زېمىن،
ھەقلىقتۇر «بوستان» دەپ ئاتالغان نامىڭ.
مېھماندۇست، ئەمگەكچان ئەزەلدىن خەلقىڭ،
تاۋلانغان مۇھەببەت، مەردلىكتە جىسمىڭ.

بال-شەربەت قاچىسى چۈرۈك نەشپۈتىڭ،
تەم-لەززەت بابىدا مېچىلەر كۆزى.
كەلتۈردى ئۇ ساڭا ھۆرمەت ۋە بايلىق،
بۇنىڭدىن بەھرىمەن بۈگۈن يەر يۈزى.

بىلەتتىم «نەشپۈتلۈك» دەپ سېنى پەقەت،
بىپايان چۆللىرىڭ ئىدى سىر-تىلسىم.
ۋاھ، ئەجەب بىر ھېكمەت بولۇپ نامايان،
كۆز تىكتى شەرق-غەرب، كەڭ يەتتە ئىقلىم.

قۇرماقتا ئىستىقبال قەسىرىگە ئۇل،
باشئەگىم دېھقىنى، ئىشچىسى سەندە.
مېۋە ھەم گۆھەرنىڭ ماكانى دېگەن،
چىرايلىق قوش ئىسىم ساڭا بەخشەندە.

كۆزۈمدە چاقنىدى سېھىرلىك بىر نۇر،
ئۈمىدۋار تىكىلدىم پارلاق ئەتىگە.
باياشات خوجايىن بولغاي ئەۋلادىڭ،
چۈنكى سەن ئەگگۈشتەر ئاچقۇچقا ئىگە.

مەن كەزدىم بوستانلىق قۇچاقلىرىڭنى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مەن كەزدىم تارىمنىڭ كەگرى دەشتىنى.
ئىپار ھىد ۋادىلار ئۇزاتتى ماڭا،
تارىختىن، بۈگۈندىن جۈپ گۈلدەستىنى.

مەن كۆردۈم قەدىمكى كارۋان بۈيۈكنىڭ
قايتىدىن كامالەت تاپقانلىقىنى.
ئېلېكتر دەۋرىگە كۆچۈپ ئادەملەر،
رېلىستا تۇلپارنىڭ چاپقانلىقىنى.

قۇرۇلۇپ سانائەت-سودا شەھىرى،
نۇرانە ھۆسنىگە قوشۇپتۇ جامال.
ئاسفالت كوچىلار، زاۋۇت، بازارلار
تەگرىتاغ چېھرىگە خۇددى زىناق-خال.

سەيلى قىپ قانمىدىم نەچچە كۈنگىچە،
ھەر باقسام يېڭىلىق، گۈزەللىك، شادلىق.
خىزىرنىڭ نەزىرى چۈشكەن زېمىنگە،
ئەبەدىي يار بولار ئىكەن ئاۋاتلىق.

كېلەركەن سودىگەر سەيياھ ئۈزۈلمەي،
ئۇلارنىڭ قەدىمى ئۈزۈلمەس ئېقىن.
كېلەركەن دېڭىز ۋە تاغلاردىن ئاتلاپ،
كۆگۈللەر يېقىندۇر — ئارىلىق يېقىن.

ئاجايىپ قىزىغان سودا-تىجارەت،
يېتىشمەس ئوت ھارۋا توشۇپ مال-مېۋە.
ساددا ۋە ئاقكۆڭۈل بۇ يۇرت ئادىمى،
ئالىدۇ كەلگەنلەر پايدا-نېسىۋە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇرت سۆيەر جاپاكەش باغۋەن ۋە دېھقان،
ئىشلەيدۇ تاپماستىن تىنىم قىش-يېزى.
ئىستىكى ۋەتەنگە تۆھپە ياراتماق،
بايلىقى، ئۈمىدى — بېغى، ئېتىزى.

بۇ جاينىڭ ئويغانغان چۆل-دەشتلىرىدە
بىر يېڭى ئەسىرگە سىلىنماقتا يول.
ئاقىدۇ بۇ يەردىن نېفىت دەرياسى،
مىڭ يوللۇق باكلاردا شەرقىقە ئۇدۇل.

ئۇچراتتىم شەھەر، تاغ، سەھرالىرىدا
زامانىنىڭ يېڭىچە باتۇرلىرىنى.
مەن كۆردۈم ئۇلارنىڭ چىراي-ھۆسنىدە،
كەلگۈسى ئىقبالىنىڭ تاڭ نۇرلىرىنى.

ئۇچراتتىم ئەجرىدىن قۇت-ۋىسال تاپقان،
ۋاپادار زۆھرەنى، تاھىرلارنىمۇ.
ئۇچراتتىم قەدىناس ساۋاقداشلارنى،
ئانا يۇرت كۈيچىسى شائىرلارنىمۇ.


جەسۇرلۇق، تالانت ۋە سەنئەت بۆشۈكى،
بۇ زېمىن ئىگىسى دېھقان، ئىشچىسى.
بىر ئىزگۈ غايىگە باغلانغان مەھكەم،
ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى، يۈرەك رىشتىسى.

كۆكۈللۈك زىيارەت، قىزغىن سۆھبەتتىن
ئوت ئالدى قەلبىمدە ئىلھام پىلتىسى.
يالقۇنلۇق نەزمەمگە بولدى باش ماۋزۇ،

كەچمىشى، مەردلىكى، مەشۇق كۆلكىسى.

ئۇزاتتى قىيماستىن كەلگىن دەپ تېزراق،
ئاي يۇزلۇك زۆھرەيىم، مېنىڭ سۆيگۈنۈم.
ياشلىقتەك ئېسىمدىن چىقمايدۇ كورلا،
باغرىڭدا يۈرگىنىم، سېنى كۆرگىنىم!...

1991 ـ يىل 17 ـ سېنتەبىر



## بېزەكلىكتىكى تەئەججۈپ

بېزەكلىك مىڭ ئۆيى بۇگۇن ئالدىمدا،
مەن ئاڭا تېۋىندىم ھۆرمەت، تازىمدا.
ۋەلېكىن بىر ئىشتىن كۆڭلۈم پەرىشان،
بولغاچقا ھەقىقىي تارىخ يادىمدا.

مىراستۇر ئىدىقۇت زامانىسىدىن،
ئەجدادنىڭ سەنئىتى، غايە، بەختىدىن.
ئۆزگىچە شەرھلەش، ئۆزگەرتىش ئۇنى
بىشارەت ئەمەسمۇ رىيا ـ ساختىدىن؟

ساتماقلىق خىيانەت تۇچ قوشۇپ زەرگە،
تارىخنى بۇرمىلاش جىنايەت ئەرگە.
ئەپسانە تۇرۇقلۇق سۇن ۋۇكۇڭ، باجى،
ھەيكىلى تىكلەندى نىچۈن بۇ يەرگە؟...

1991 ـ يىل 24 ـ سېنتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# كۈمۈش تەردە گۆھەر ئىستىقبال

1

زەڭگەر ئاسمان شىشىدەك سۈزۈك،
ئوت پۈركۈيدۇ ئوت شارى يەرگە.
نېفىت ۋە گاز پۇرايدۇ كەڭ چۆل،
كەلمەكتىمەن چۆمۈلۈپ تەرگە.

ئەتراپىمدا ـ يېقىن ـ يىراقتا،
قەد كۆتۈرگەن سانسىز ۋىشكىلار.
سالام! دەيمەن، قالار ئۈزۈلتىپ
ئۆز يولۇمدا مېنى ئىشچىلار.

كۆز ئوڭۇمدا بىر ئۇيغۇر ئىشچى،
(مەن ھېلىلا قىلغان زىيارەت)
كەچمىشىدىن، قىلغان سۆزىدىن،
ۋۇجۇدۇمدا ئوتلۇق ھارارەت.

خىياللىرىم يىللارنى ئاتلاپ،
كەڭ چۆللەردە قىلماقتا پەرۋاز.
ئوقۇماقتا ئىشىدىن داستان،
كۆز ئالدىمدا بىر قەيسەر ئوبراز.

2

مىس قالپاقلىق بۇرۇلچىك يىگىت،
كۆردى بۇندا جاپالىق قىسمەت.
يالتايمىدى ئەقىدىسىدىن،
باغلاپ چۆلگە چوڭقۇر مۇھەببەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەجدادلىرى ئۆتكەن ئۇنىڭكى
يولباشچىسى بولۇپ كارۋاننىڭ.
«گۆر ئازابى» كۆرۈپ ياشىغان،
خۇۋلۇقىنى كۆرمەي جاھاننىڭ.

كەلگەن چاغدا يىگىت بۇ يەرگە،
خەت تارتمىغان ئىدى بۇرۇتى.
ئايرىلىشقا قىيماي ئۇزاتقان،
قېرى ئانا، تۇغۇلغان يۇرتى.

ئىشلىدى ئۇ بۇندا جاپالىق،
تومۇزلاردا دەشت چۆلنى كېزىپ.
يىراق يۇرتتا قالغان يارىمۇ،
ئۆچ يىلغىچە تۇردى خەت يېزىپ.

يىللار ئۆتتى... جاپالىق ئەجرى،
مېۋە بەردى، چۆلدىن ماي ئالدى.
ھۆرمەت نامى «ئەخمەت بۇرۇلچىك»
تارىم بويلاپ كەڭرى تارالدى.

3

يەتكەن بارمۇ ئارمانغا تولۇق،
نېمىدېگەن رەھىمسىز ھايات؟
بارالمىدى جىددىي ئىش بىلەن،
بولغىنىدا ئانىسى ۋاپات.

بىرلا كۆرۈپ بۇ «دوزاخ چۆل»نى،
ئۇنىمىدى كېلىشكە يارى.

ئايرىلىشتى، ئالماشتى قىشقا،
مۇھەببەتنىڭ ئىللىق باھارى.

ئۈزۈنغىچە ياشىدى بويتاق،
باستى كەچتە ئۇنى يالغۇزلۇق.
ئايمۇ ئىكەن تەنھا ۋە غېرىب،
بولسىمۇ ھەم ئاسمان يۇلتۇزلۇق.

كۆرمىدى ئۇ چوڭ شەھەرلەرنى،
باغ سەيلىسى بولمىدى نېسىپ.
گۈزەللەرمۇ كەلمىدى بۇندا،
چېكىسىگە قىزىلگۈل قىسىپ.

نەچچە يىللاپ ئاڭلاپ باقمىدى
خوراز، گۈدۈك سادالىرىنى.
ناخشىسىنى لېۋەن ئارتىسنىڭ
ۋە بۇلبۇلنىڭ ناۋالىرىنى.

چەكسىز ئۇپۇق سۈكۈتكە پاتقان،
چۆل-جەزىرە بولدى يۈرگىنى.
يۇلغۇن، يانتاق، كېلە، كەسلەنچۈك،
بولدى بۇندا دائىم كۆرگىنى.

تېتىمىدى چوڭ سارايلارنىڭ
تائام، شاراپ لەززەتلىرىنى.
ئاڭلىمىدى دوست-يارانلارنىڭ،
كۈلكە-چاقچاق، سۆھبەتلىرىنى.

يۇرتىدىكى تۇغقانلار بىلەن،
ھېيت-ئايەمدە بولالمىدى جەم.
ئۇنتۇپ كەتتى يەكشەنبىلەرنى،
ئالمىدى ئۇ بايرامدىمۇ دەم.

يەپ باقمىدى ياز ۋە كۈزدىمۇ،
تاتلىق ئانار، قوغۇننى پىچىپ.
گاھى ئاغرىپ يېتىپ قالدى ئۇ،
مايلىق، تۇزلۇق شور شۇنى ئىچىپ.

ئىشلىدى ئۇ تونۇردەك چۆلدە،
گىرادۇسى قىرىق بەش، ئەللىك.
قۇم ئاستىدا قالدى نەچچە رەت،
بۇندا بوران ئەمەس يۈگەنلىك.

ئېيتماق ئوڭاي بۇلارنى ئەمما،
بەرمەك قىيىن ئاڭا بەرداشلىق.
ئويلاپ قالدىم بۇرۇلچىك يىگىت،
ئىكەن شۇنچە قەيسەر، چىداشلىق!

يەڭدى جىمى مۇشەققەتنى ئۇ،
ئەل ئىشىغا بولۇپ پەرۋانە.
پاتمايدىكەن ئۈمىدسىزلىككە
بولسا ئىنسان غەيۇر، مەردانە.

4

ئۇ ھۆرمەتلىك تۆھپىكار بۈگۈن،
تاپتى ئىشى، ياشلىقى كامال.

بەخت، شادلىق قۇچتى تۇرمۇشى،
جۇپتى ئۇنىڭ بىر ساھىبجامال.

زىيارەتتە دېدى ئۇ ماڭا:
مېنىڭدەكلەر تولا بۇ يەردە.
ئالالايدۇ دەشت-چۆلدىن گۆھەر،
چىدام، غەيرەت بولسىلا ئەردە.

كۆپ ئىشلارنى كەچۈردۇم باشتىن،
قۇياش، تارىم بۇنىڭغا گۇۋاھ.
پۇكۇپ دىلغا يۈكسەك ئېتىقاد،
تەر تۆككەنگە ئىستىقبال ھەمراھ.

1991-يىل سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچگى ئادرىسى

## كۈچا قىزى ــ سەنئەت پەرىسى

قەدىمي دەۋردە كۆپ ئۇلۇغ شائىر،
بىغىشلاپ يېزىپتۇ ساڭا قەسىدە.
پەرىشتەم، يۇرتۇڭدا مېھمانمەن ھازىر،
قەلبىمدە ئوت يالقۇن سۆيگۈ-ئەقىدە.
بولسامدىم لۇتپىدەك نەزمىگە ماھىر،
يازاتتىم شاھ داستان ئۆزۈڭ ھەققىدە.

نەقىل گۈزەللىك جىسمىڭگە ھەمراھ،
بىر ئېسىل رىۋايەت ئايانىدۇر ماڭا:
ئون قىلىپ لاتاپەت، ھۆسنىنى ئىلاھ،
بەرگەنمىش بۇنىڭدىن توققۇزنى ساڭا.
ماگمىدىن ياراتمىش بەدىنىڭنى، ۋاھ!
قۇياش يۈز، ئاتەش كۆز شاھىدتۇر ئاڭا.

ياشىغان تۇپرىقىڭ گۈلزار، باغ-بوستان،
قىسمىتىڭ قۇت-ئامەت، سەن جەننەت قىزى.
ھەرياقتا ساز، ئۇسسۇل، مۇقام ۋە داستان،
خۇشاللىق ساڭا يار، كۈي سەنئەت قىزى.
شوخ كۈسەن بەزمىسى بارچىگە ئايان،
سەن ۋەتەن-دۇنيادا شان-ھۆرمەت قىزى.

ئۇچراتتىم قەدىمي سۈرەتلىرىڭنى
قۇمتۇرا، قىزقالغان مىڭ ئۆيلىرىدە.
ئاڭلىدىم تەرىپىڭ، سۈپەتلىرىڭنى،
سۇجۇپنىڭ بەربابى ــ شوخ كۈيلىرىدە.
چۈشەندىم ئاجايىپ قىسمەتلىرىڭنى،

سۇ باشى قەلئەسى ـ سۇ بويلىرىدا.

بىكارغا كەتمىگەن ئىكەنغۇ پەرھات،
ماچىندىن قېشىگىغا، يۇرتۇڭ كۇچاغا.
رىغبىتىڭ ئاشىقنى مەشۇق پەرىزات،
باشلىغان مەردلىككە ـ «مىڭ ئۆي» قازارغا.
بولمىسا شۇ تۆھپە شائىرغا ھەيھات،
يوق ئىدى ھېچ ئىمكان داستان يازارغا.

ئايلاندىم يۇرتۇڭنى زوقتا مۇپەسسەل،
ھەرياقتا گۈللىنىش، ئاۋاتلىق ئىزى.
ھەقلىقسەن ئالەمچە غۇرۇرغا، گۈزەل،
بۇ ئېسىل دىيارىڭ نېفىت دېڭىزى.
بورىۋاي، دولتىلار ياگرىتار غەزەل،
سەن بايلىق، قۇت، سەنئەت، نېفىتلىك قىزى.


مەن سېنى ئۇچراتتىم ھەممىلا يەردە،
ۋىشكىدا، ئېتىزدا سەھنە ئۈستىدە.
زەر باسقان دوپپاڭنى كۆرسە ئەگەردە،
خىجىللىق بەرق ئۇرار گۈلنىڭ ھۆسنىدە.
سەندىكى ماھارەت، پاك ھالال تەردە،
مۆجىزە، گۈزەللىك يۇرتۇڭ كۆكسىدە.

قىزىقىپ يۇرتۇڭغا، سەنئەت، ھۈنەرگە،
ئۈزۈلمەي كېلەركەن بۇندا چەت ئەللىك.
«مىڭ ئۆي»دە، قەدىم ۋە يېڭى شەھەردە،
ئايلىنىپ تاپاركەن كۆڭلى خۇرسەنلىك.
ئوخشىتىپ قولۇڭنى ئالتۇن، گۆھەرگە،

دەيدىكەن: دانىشمەن ئىكەن كۆسەنلىك!

ئەي كۇچا گۈزىلى، ھۈنەر، سەنئەتتە،
قايىل ۋە مەھلىيا قىلدىڭ سەن مېنى.
ئاقاركەن جىسمىڭدا ئەسلىي سۈپەتتە،
ئەجدادىڭ، ئىساخان ئانىنىڭ قېنى.
رۇخسەت قىل، سەنئەتكە، پاك مۇھەببەتكە،
مۇئەككەل پەرىشتە ئاتايمەن سېنى.

1991 - يىل 14 - سېنتەبىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

## تارىم ـــ گۆھەر ماكانى

ئاستىمدا شاش تۇلپار، ئۈستۈمدە قۇياش،
كېزىمەن بىپايان تارىم چۆلىنى.
بارخانلار، تۇزلەڭلەر ئۇپۇققا تۇتاش،
يەر ماڭا سۇنماقتا يۇلغۇن گۈلىنى.
ئوڭ قولۇم كۆكسۈمدە دېدىم ئەسسالام،
قوبۇل قىل ئوغلۇڭنى ئەي تارىم ئانام!

يېڭىدىن ياسالغان ئاسفالت كەڭ يول،
بۇ چۆلنى شەھەرگە قىلىپتۇ يېقىن.
ئىشچىلار، ۋىشكىلار پولاتلىق قول،
مەرھابا دېگەندەك، قەلبىمدە چېقىن.
مەردلەرگە يېقىنلاپ دېدىم ئەسسالام،
بىلدۈردۈم ئۇلارغا ھۆرمەت-ئېھتىرام.

ئۇچرىدى ساناقسىز ياشانغان توغراق،
ئۇ تىرىك شاھىدى قەدىم زامانىنىڭ.
بېشىدا چېقىلغان كۈرمىڭلاپ چاقماق،
ھەرياقتا ئىزناسى يانغىن-گۈلخانىنىڭ.
توغراققا ئېگىلىپ دېدىم ئەسسالام،
ئۇ دېدى: ئەجدادتىن ئەۋلادقا سالام.

تورغايلار قېشىمدىن ئۆتتى چۇۋ-چۇۋلاپ،
تەسەۋۋۇر كۆزۈمدە ئەجەب مەنزىرە.
كارۋانلار كەلمەكتە بارخاننى بويلاپ،
ئاھ، يۇتتى ئۇلارنى بوران، جەزىرە.
كارۋانلار روھىغا دېدىم ئەسسالام،

دېيىشتى: ئۇ قىسمەت يات ساڭا تامام.

ئاسماندا بىپايان تارىم ئېتىكى،
يېشىللىق ئىلكىدە، خىلمۇخىل گىياھ.
شېھىتلەر قېنىدەك يۇلغۇن چېچىكى،
چۆلدىكى ھاياتلىق، ئۇزلۇقىا گۇۋاھ.
مەن دېدىم: ئەي قەيسەر سىيما، ئەسسالام،
ئۇ دېدى: تارىم بار، ھاياتلىق داۋام...

ئويلايمەن، بۆگۈنگە كەلگىچە بۇ چۆل،
تۈمەنمىڭ يىللارنى ئۆتكۈزدى باشتىن.
گاھ ياتتى سۈكۈتتە، گاھ چاپتى دۇلدۇل،
پۈتۈلدى قامۇسى مېھنەت، قان ياشتىن.
مەن دېدىم: ياشانغان دىيار، ئەسسالام،
ئۇ دېدى: نەۋقىران، سەببي مەن مۇدام.

كېلىمەن بۇ يولدا چاپتۇرۇپ تۇلپار،
نەچچە رەت چىقتى ۋە پاتتى ئاي، قۇياش.
بىلمىدىم، چۆللۈكنىڭ چېكى يوقمۇ ـ بار؟
ئەتكىنى ئەتكەن ئۇ ئۇپۇقنى باغاش.
مەن دېدىم: ئەي قاقاس تۇپراق، ئەسسالام،
ئۇ دېدى: ماڭا خاس بايلىق كان دەپ نام.

كېلىمەن، ئويغانغان زېمىن غەپلەتتىن،
ھەرياقتا ئادەم ۋە بۇرغا ناۋاسى.
زامانغا خاس ئەقىل، بىلىم، غەيرەتتىن،
ئېچىلغان تىلسىمات ـ نېفىت دۇنياسى.
مەن دېدىم: ئەي گۆھەر زېمىن، ئەسسالام،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىگى ئادرېسى

يەر دېدى: بايلىقىم ساڭا خاس تامام.

ئويلىدىم بۇ سۆزدە بەك تىرەن مەنە،
دىيارىم دۇر، گۆھەر، زەر نېفىتكە كان.
خەلقىم مەرد، ئەمگەكچان، ئىجادكار، دانا،
باقماقتا زوقمەنلىك، ئۈمىدتە جاھان.
مەن دېدىم: ئوغلۇڭمەن سېخىي يەر ـ ئانام،
ئۇ دېدى: كېلىچەك بەرمەكتە سالام!

بەك ئۇزاق يول باستىم، تۇتتى تەشنالىق،
كۆزلىرىم ئالۋۇندا، ھاۋا ئوت ـ يالقۇن.
ئېھ، مانا ئالدىمدا تولۇپ سۇغا لىق،
ئاقماقتا شوخ تارىم كۆتۈرۈپ دولقۇن.
مەن دېدىم: ئەي ئانا دەريا، ئەسسالام،
ئۇ دېدى: قەدىمڭ مۇبارەك بالام.

ئەجرىمدىن گۈزەللىك بەخش ئەتمەك بولۇپ،
دەرياغا قوشۇلۇپ چۆللەرگە ئاقتىم.
ۋۇجۇدۇم جۇرئەتكە، ئىشەنچكە تولۇپ،
تەپەككۇر كۆزىدە ئىقبالغا باقتىم.
مەن دېدىم: ئانىجان پەدەر ئەسسالام،
ئەتىكى نېفىتلىك شەھەر ئەسسالام.

1991 ـ يىل سېنتەبىر

## چۆلدىكى قارىغاي

كېلىمەن قۇملۇقتا، ئەتراپ ئوت تونۇر،
لېۋىمدە تەشنالىق، كۆزدە قىزىللىق.
بىردىنلا قوزغالدى ھاياجان غۇرۇر،
نامايان ئالدىمدا چەكسىز يېشىللىق.

تەلپۈندۈم ئانىنى كۆرگەن بوۋاقتەك،
يېشىللىق مۇھەببەت، يېشىللىق ياشلىق.
جۇش ئۇردى ئىلھامىم خۇددى بۇلاقتەك،
ھاياتقا بار ئىكەن چۆلدە ئوخشاشلىق.

بىلىدۇ دەشتلەردە يول يۈرگەن ئىنسان،
بۇندىكى يېشىللىق ئەلا گۆھەردىن.
نە دەريا، نە سۇ يوق، ساپلا قۇم بارخان،
ئويلايمەن مۆجىزە كەلگەن قەيەردىن؟

سوئاللار بېشىمدا چېقىشتى چاقماق،
تۇلپاردىن چۈشتۈم‌ـ دە كەزدىم چۆللۈكنى.
نە چۆللۈك، پىداكار يۇلغۇن ۋە يانتاق
ئېتىپتۇ بۇ يەردە بەرپا گۈللۈكنى.

كۆك يېشىل ياپراقلار، ئاق، ھال رەڭ چېچەك،
كۆزۈمنى چاقنىتىپ قىلىدۇ جۇلا.
چېچەكلەر ئۈستىدە ئوينار كېپىنەك،
مىسالى كەڭ باغچا بىپايان دالا.

تەشنالىق ئۇنتۇلۇپ يايرىدى يۈرەك،
ئۆيۈمدە بەھۇزۇر سىنچاي ئىچكەندەك.
كۆرۈندى كۆزۈمگە رەڭمۇرەڭ چېچەك،
يۇلتۇزلار ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك.

خىسلەتلىك يۇلغۇن ۋە يانتاقتا قاراپ،
شېئىرىي تۇيغۇلار كۆتۈردى قىيان.
ئەرزىيدۇ «چۆلدىكى قارىغاي» ئاتاپ،
مەدھىيە ئوقۇسا ئۇلارغا جاھان.

ھېكمەت بار ئۆزگىچە يۇلغۇن، يانتاقتا،
ئۆسىدۇ قىزىق قۇم، تاشلارنى يېرىپ.
كەڭ تىرەن يىلتىزى ئانا تۇپراقتا،
ياشايدۇ ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ.

جاپالىق قىسمەتتە ئۆتىدۇ كۈنى،
گاھ يۇلۇپ كەتمەكچى بولىدۇ بوران.
قىينايدۇ تومۇزدا تەشنالىق ئۇنى،
قۇم كۆچۈپ، ئۈستىنى باسىدۇ بارخان.

مەردانە، تىك تۇرۇپ قورقماستىن ئەسلا،
تاقابىل تۇرىدۇ كۆچكۈن، بورانغا.
نەپ، شۆھرەت، ماختاشتىن بولۇپ مۇستەسنا،
گۈزەللىك بېرىدۇ قاقاس ماكانغا.

ياشىغان زېمىنغا، گۈزەل ماكانغا،
چىگىلگەن ئۇلارنىڭ سۆيگۈ رىشتىسى.

چۆلدىكى قارىغاي ــ يانتاق، يۇلغۇنغا،
ئوخشايدۇ پېداكار نېفىت ئىشچىسى.

1991 ـ يىل سېنتەبىر



# قۇربان ھېيتىڭ مۇبارەك، خەلقىم

ئېپار ھىدلىق تاڭ شامىلى ئۇچىدۇ لەرزان،
ئاسمان سۈزۈك، كۆڭۈل سۈزۈك، سۈزۈكتۇر ئالەم.
مەسچىتلەرنىڭ پەشتىقىدىن ياڭرايدۇ ئەزان،
يول-يوللاردا گۈل ئېقىنى - بىھېساب ئادەم.
بىر-بىرىنى قۇتلىشىدۇ، قۇچاقلىشىدۇ،
خوشاللىقتا بۈگۈن ھەممە ئورتاقلىشىدۇ.


ھەممە ياقتا بۇ ئايەمگە ياڭرار تەنتەنە،
شەھەر، سەھرا خۇشال ھېيتلىق ئالغان بالىدەك.
ئۆي-ئۆيلەردە نېمەتلەر مول، قىزىغان پەتە،
ئەرلەر چېھرى تولۇن ئايدەك، قىزلار لالىدەك.
بايلاردىمۇ، يوقسۇلدىمۇ ئايەملىك شادلىق،
چۈمگەن بەخت تۈيغۇسىغا بۈدەم ھاياتلىق.

ئويلىنىمەن، ئىنسان دېگەن ھەممىگە قادىر،
غۇربەتتىمۇ چاقار بەخت، راھەت قەنتىنى.
زېمىن شۇڭا ئۇلۇغلايدۇ بۇرۇن ۋە ھازىر،
ئۇمىدىم دەپ ئادەملەرنى - ئۆز پەرزەنتىنى.
سۆيۈنۈشتە بۈگۈن ئالتاي، تەڭرىتاغ، باغداش،
شوخ سامادا تارىم، تۇمەن، كۆنچى، يۇرۇڭقاش.

كۆز ئالدىمدا ئۆزگىچە خاس گۈزەل مەنزىرە،
پەتىلىدىم قەشقەر، ئىلى، تۇرپان، باغراشتا.
يوللىرىمدا شانلىق تارىخ قىلىدۇ جىلۋە،
بۈگۈن بىلەن كېلەچەكنى كۆردۈم قۇياشتا.

شۇ قۇياش سەن، تالىق ساڭا ھاياتىم، قەلبىم،
ئۇلۇغ ئايەم ـ قۇربان ھېيتىڭ مۇبارەك، خەلقىم.

1994 ـ يىل ماي



www.uyghurkitap.com

# بۈيۈك ئىنسان

## 1

بىر يۈرەك بار، بىر بۈيۈك ئىنسان،
ئەمەس خاقان ياكى پەيغەمبەر.
ھۆرمەتلەيدۇ ئۇنى يەر-جاھان،
ۋەزىردىن تا گادايغا قەدەر.
پەرىشتىدەك پاك ۋە بىنۇقسان،
نۇرى يۇلتۇز، ئايدىن مۇنەۋۋەر.

ئۇ مۇجەسسەم بىر نامغا، ئەمما،
سانى ئۇنىڭ مىليون، بىھېساب.
روھىيىتى بىر - بۇ مۇئەمما،
پەزىلەتتە خالىس نۇر-ئاپتاپ.
ئۇنىڭغا يات تەمە، تەمەننا،
ياشاپ كەلدى قۇياشتەك چاقناپ.

شۇ يۈرەكنىڭ ئەجرى ۋە قېنى،
يېزىقلىرى تارىخ بېتىنىڭ.
ئازدۇرماي تۇر ئەي گۇمراھ مېنى،
لازىمى يوق شاھلار گېپىنىڭ.
بارغۇ تۈمەن ئەسىرلەر جېنى،
بولغاچ ۋەزنى ئەقلى، دىتىنىڭ.

ئۇ ئېلىشىپ كەلدى كۈرمىڭ يىل،
ياۋايىلىق كەلكۈنى بىلەن.
زۇلمەتلەرنى يەڭدى تالاي يىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

شۇ يۈرەكنىڭ يالقۇنى بىلەن.
نىجاد تاپتى ئەجداد ۋە نەسل،
شۇ ئىنسانىنىڭ تەر ـ قېنى بىلەن.

2

چىقارسىمۇ زۇلمەت جۇت ـ قۇيۇن،
ئېتىقادتىن بولمىدى جۇدا.
مەزمۇت تۇردى، ئەگمىدى بويۇن،
ئىستىلا ھەم زۇلۇم ئالدىدا.
بالقىتتى ئەل يۈرىكىدە كۈن،
ئاشۇ يۈرەك ياڭراتقان سادا.

ئاسىيلارغا، تۈلكىگە، زاغقا،
تېگىپ تۇردى ئۇنىڭ شەمشىرى.
ئۇلۇسلارغا، شەھەر، يايلاققا،
ياندۇردى ئۇ بىلىم مەشئىلى.
مەھمۇد كەبى ئۇلۇغ چىراغقا،
بولدى ئۇستاز خەلەب قەشقىرى.

نام ـ شەرىپى خۇشخەت نۇسخىسى،
قامۇسىدا لۇتفى، يۈسۈپنىڭ.
نەۋائىنىڭ بۈيۈك «خەمسە»سى،
نوتىسىدا بوۋام سۇجۇپنىڭ.
ئاشۇ نامدا پەن ـ تەنتەنىسى
ۋە ئاچقۇچى تىلسىم قۇلۇپنىڭ.

ھۆكۈمرانلار بولغاندا مەغلۇپ،
ئۇ ياشىدى غالىپ ۋە غازى.

ئەمەس مەنسەپ، شۆھرەتكە مەھبۇب،
ھەقىقەتكە ۋىجدانى قازى.
ئىشى ئەۋلاد، مىللەتكە مەنسۇپ،
زېمىن-ئاسمان ئۇنىڭدىن رازى.

3

قالسا مىللەت، ۋەتەن خەتەردە،
بولدى ئاشۇ يۈرەك بىر قالقان.
ئەلنى غەپلەت باسقان پەيتلەردە،
ھەر خىتابى ئاتقۇزدى ۋولقان.
ئەرك قوشۇنى ماڭغان سەپلەردە،
سەردار بولدى، چاقناتتى چولپان.

بولغاچ ئاشۇ ئىنسان، شۇ يۈرەك،
بولمىدى ئەل، مىللەت مۇنقەرز.
ئۇنىڭغا يات تىز پۈكۈش، تىترەك،
بىلدى جاندىن ۋەتەننى ئەزىز.
ئېچىلدۇردى ئىرپاندا چېچەك،
ئەۋلاد كېمە، كۆكسى كەڭ دېڭىز.

سادىر پالۋان، تۆمۈر خەلپىنىڭ،
قوشۇنىدا شۇنىڭ خىتابى.
خوجانىياز قۇچقان غەلبىنىڭ،
ئەقىلدارى ئۇنىڭ كىتابى.
نۇرى بولدى نوزۇك ئەقلىنىڭ،
ھەر تەلىمى، دانا جاۋابى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۆكسىدە،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگىي ئادرېسى

ئاقتى ئۇنىڭ يالقۇنلۇق قېنى.
ئەخمەتجاننىڭ ئىللىق ھۆسنىدە،
شۇ بەشەرنىڭ زىياسى، سېنى.
ئىجاد بولدى «تىلەك» تۆسىدە،
مۇتەللىپنىڭ ئوتلۇق گېمنى.

4

ئۇ قەددىنى ئۇلاپ ھازىرغا،
ياراتتى پاك ئېتىقاد ۋە ئاك.
ئىلھام ئاتا قىلدى شائىرغا،
سەنئەتچىنى سايراتتى چاك ـ چاك.
ئەقىل بەردى رەئىس، نازىرغا،
كۆزى ئوچۇق ئەماغا نۇر، تاك.

دولقۇن ئاتا قىلدى دەرياغا،
بېرىپ كەلدى تاغلارغا قامەت.
ھېكمەت بەخش ئەتتى داناغا،
بەختسىزگە قۇت ۋە جاسارەت.
نۇر بەردى ئۇ روھقا، دۇنياغا،
جاپا ئالدى، ئالمىدى راھەت.

باھار بەردى جۇتلۇق ھاياتقا،
قالسىمۇ گەر جۇدۇندا ئۆزى.
ئېرىشتۇردى ئەلنى قاناتقا،
مۇنبەردىن ھەر ياڭرىغان سۆزى.
خەزىنە ئۇ ئىشەنچ، سۇباتقا،
كۆرەلەيدۇ يىراقنى كۆزى.

بۇ ئىنسانىنىڭ كارامىتىدىن،
بولماس ئالەم ئەمدى مەڭگۈ سىر.
شاگىرتىنىڭ كارامىتىدىن،
ئەلگە چاكار دەريا، ئېلېكتر.
ئىلىم-پەننىڭ شاراپىتىدىن،
ئېچىلماقتا تىلسىملار بىر-بىر.

ئورىنتانى ئۇ ئاچقان ئەسلى،
بايرىقى بار ئۈستىدە ئاينىڭ.
غالىپ ئۇنىڭ تىرىشچان نەسلى،
قۇرغۇچىسى ئالتۇن سارايىنىڭ.
ئاڭا باغلىق ئىجاد، قۇت پەسلى،
ئالىم، ئەدىب، رەھبەر ۋە باينىڭ.

5

سەكرىگەندە ھەممە قاينامغا،
تاشلىمىدى سۆيگەن ئىشىنى.
ساقچى بولدى پاكلىق، ۋىجدانغا،
غۇربەتتىمۇ ئەگمەي بېشىنى.
«ئاق نىجىس»نى چەككەن نادانغا،
ئېچىندى ئاھ تۆكتى يېشىنى.

غاپىللىققا، رەزىل ئىللەتكە،
ئوت ئاچتى ئۇ مەردانە، قەيسەر.
كۆيۈنۈپ يۇرت، ۋەتەن، مىللەتكە،
پەخىرلەندى قۇچسا شان، زەپەر.
ئىگە قىلدى ئىشەنچ، جۈرئەتكە،
بولۇپ ئەلگە رەھنەما پەدەر.

ئۇ شاۋقۇنلۇق بازار ئالدىدا،
يوقاتمىدى خىسلىتىنى ھەم.
ۋايسىمىدى بۇلۇڭ، دالدىدا،
ھەق گەپ قىلدى، يېمەي تەشۋىش، غەم.
قىلدى ھالال بۇرچىنى ئادا،
چەكسىمۇ كۆپ كۈلپەت، دەرد ـ ئەلەم.

پۇل، مەنسەپكە سېتىلماي روھى،
پاك پېتىچە قالدى خىزىردەك.
نامرات كۆرۈپ زەردار گۇرۇھى،
كەمسىتسىمۇ پەرۋايى پەلەك.
غاپىللارغا ياگراتتى ۋەھىي،
ئازغۇنلارغا قەھرى زەمبىرەك.

تەسكەيلەرگە شام چىراغ ياقتى،
ئىقبال، ھۆرلۈك نۇرى ھۆسنىدە.
ئەلگە كۆيدى، سۆيىدە ئاقتى،
خەتەرلەرنى توستى كۆكسىدە.
ئەتىگە ئۇ ئىشەنچتە باقتى،
نەزىرى ئاي، يۇلتۇز ئۈستىدە.

**6**

ياشىسىمۇ ئۆزى پىيادە،
ئەۋلادلارغا مىنگۈزدى دۇلدۇل.
ئۇ ياراتقان جۈرئەت، ئىرادە،
ئاچار يېڭى ئەسىرگە كەڭ يول.
شان، ھۆرمىتى شاھتىن زىيادە،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇباتىغا شائىرلار بۇلبۇل.

تۇغسا ئەۋلاد جىسمىنى ئانا،
قايتا تۇغدى ئۇ روھ ـ ئەقلىنى.
قىلدى باتۇر، بىلىملىك، دانا،
ساۋاتسىزنى، نادان غاپىلنى.
كۆرسەتمەكتە بۈگۈنمۇ مانا،
مىللەتكە ئۇ پارلاق مەنزىلنى.

تەلىمىدىن گۈللەندى جاھان،
ماڭىمۇ ئۇ بەردى جىق تەلىم.
ياشاپ كەلدى، ياشايدۇ ھامان،
كەلگۈسىگە دەرس بېرەر بەلكىم.
ئاشۇ گىگانت، شۇ ئۆلمەس ئىنسان،
«كىم؟» دەمسىنا، ھە، ئۇ مۇئەللىم!

1994 ـ يىل ئاۋغۇست

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قەشقەردىكى يار

(بېيىت)

ئېگىز-ئېگىز تاغ بېشىدا كۆرۈنمەيدۇ قار،
ئامانمۇ سەن، ئېسەنمۇ سەن قەشقەردىكى يار؟
نامە يازدىم يۈرەك ئوتلۇق، قەلىمىم ئوتلۇق،
بولسۇن يېڭى ئايەم، يېڭى باھارىڭ قۇتلۇق.
سېغىناركەن كۆڭۈل دائىم يېقىن كىشىنى،
بىلگىنىڭ كېلەر ئەھۋالىنى، ھەربىر ئىشىنى.
مەن بۇ ياقتا، سەن ئۇ ياقتا، ئارىمىز يىراق،
ۋۇجۇدۇمدا يالقۇن بولۇپ يانىدۇ پىراق.
ئەسلىمىلەر دەرياسىدا ئاققۇم كېلىدۇ،
ئۇچۇپ بېرىپ ساڭا قۇچاق ئاچقۇم كېلىدۇ.
ماڭغان ئىدىم بەش يىل بۇرۇن خوش دەپ يېنىڭدىن،
سېغىندىڭمۇ، قالدىڭمۇ يا قېيداپ مېنىڭدىن؟
كىرگەنىمدۇ مېۋىگە بىز تىككەن كۆچەتلەر،
بىلەلمىدىم، ئون ئاي بولدى كەلمىدى خەتلەر.
يەر تەۋرىگەچ كەتتىمۇ يا يوللار بۇزۇلۇپ،
كۆڭۈل رىشتىڭ كەتمىگەندۇ ئەمما ئۈزۈلۈپ.
بىزگە تونۇش پوچتالىيون قېرىپ قالدىمۇ؟
قاشقا ئېتى چېپىۋېرىپ ھېرىپ قالدىمۇ؟
خىيالىمدىن ئەسلا كەتمەس گۈلدەك سىيمايىڭ،
بۇلۇتلۇقمۇ يا ئاپتاپتەك ئوچۇق چىرايىڭ؟
تۈمەن دەريا يەنە ئۆركەش-قىيان ياسامدۇ،
بالدەك سۈيى سەھرالاردا بوستان ياسامدۇ؟
چۆل-دەشتلىرىڭ گۈللىدىمۇ يا چۆل پېتىچە،
بېيىدىمۇ تاغاڭ ياكى نامرات پېتىچە؟

قار ـ مۇزلۇقمۇ يا قاقاسمۇ مۇقەددەس تاغلار،
تەشنالىقتىن قۇتۇلدىمۇ ئېتىزلار، باغلار؟
ئانا شەھەر كېچىسىدە چاقنامدۇ يولتۇز،
تۆھپە، ئىجاد گۈللىرىگە تولامدۇ كۈندۈز؟
زەرگەرچىلىك دۇكانلىرى يەنە باس ـ باسمۇ،
ئۈزۈك، ھالقا، بىلەزۈكلەر زەرمۇ، ئالماسمۇ؟
پەرىزاتتەك ئوماق قىزلار ئۆرۈم چاچلىقمۇ،
كىيگەن چىمەن دوپپىسىغا ھەممە ئاشىقمۇ؟
تۆھپىكارلار قاتارىدا چولپانمۇ ئۆزۈڭ،
سۆيگۈ ـ ۋاپا قەسرىدە سۇلتانمۇ ئۆزۈڭ؟
دانامۇ سەن، پازىلمۇ سەن ئەجداد ـ نەسلىڭدىن،
گۈزەلمۇ سەن، ئەزىزمۇ سەن يەنە ئەسلىڭدىن؟
ھەر نەزمەمنىڭ خىتابىغا سالامسەن قۇلاق،
بولامدۇ قەلب ھېسسىياتىڭ فونتانلىق بۇلاق؟
ئىشىنىمەن، ئەسلا ئۇنتۇپ قالمىدىڭ مېنى،
نەدە تۇرسام، ئەسلەپ تۇردۇم سېغىنىپ سېنى.
مەشۇق ئۈچۈن غەم يېمەكلىك ئاشىقنىڭ ئىشى،
جاندىن كەچمەي جانانىغا يېتەلمەس كىشى.
بىلىسەنغۇ، ئابا يۇرتقا تۇتاش دىلىمىز،
چىڭ باغلانغان ئەل ئىشىغا بىزنىڭ بېلىمىز.
سەن پەرىنى تۇغقان ئاناڭ ساغلام، تىمەنمۇ،
قەدەم باسقان ھەر كوچىسى گۈلزار، چىمەنمۇ؟
خىزىر سۈپەت دانا ئاتاڭ بارمۇ سالامەت،
ئۈزەمدۇ پەن دېڭىزىدا يەنە داۋامەت؟
بۇلبۇل تىللىق شائىر ئاكاڭ غاپىلمۇ، ئويغاق؟
يازغان نەزمە ـ غەزەللىرى ئەزىمىمۇ، ئويناق؟
پەرەنجىنى تاشلىدىمۇ ھاماڭنىڭ قىزى،
قېتىلدىمۇ تۆھپىكارلار ئىزىغا ئىزى؟

www.uyghurkitap.com

يېزنەڭ سودا ـ تىجارەتتە تاپتىمۇ پايدا،
يۈرەمدۇ يا ئېشەك مىنىپ بۇرۇنقى سايدا؟!
سىڭلىڭ سەنئەت باغچىسىدا قىلامدۇ ناۋا،
قالمىغاندۇ توختاپ ھېيتگاھ ئالدىدا ساما؟
جاي بەردىمۇ ئۈنئالغۇغا قوشناڭ دۇتارى،
توپا بېسىپ ياتمىغاندۇ بوۋاڭ ساتارى؟
گۈزەل، ئېسىل سەيلىگاھمۇ يەنە چوڭ باغچا،
تاشۋاي نەسلى راۋاپ چېلىپ ئېيتامدۇ ناخشا؟
ئازايدىمۇ رېستورانلار، كۆپىيىپ مەكتەپ،
يۈرەمدۇ يا دۆت، نادانلار لاغايلاپ، ئەسنەپ؟
بايلار ئەۋلاد بەختى ئۈچۈن بۆلەمدۇ كۆڭۈل،
بىلىم ـ ئىرپان بەيگىسىدە چاپامدۇ دۇلدۇل؟
مەھمۇد، يۈسۈپ قەبرىگاھى يەنە ئاۋاتمۇ،
مەرھۇملارنىڭ روھى بىزدىن خاپىمۇ ـ شادمۇ؟
بارمۇ بۇرۇن بىزلەر چىققان ھەزرەت سەيلىسى،
ئېرىشتىمۇ قۇت ـ ۋىسالغا سەئىدىن نەۋرىسى؟
دۇنيا بۈگۈن رىقابەت ۋە مەردلىك دۇنياسى،
ئۆركەشلىدى ئەقىل، بىلىم، كەشىپ دەرياسى.
گۆھەر ئالار قەيسەر غەۋۋاس قورقماي دولقۇندىن،
نۇسرەت قاچماس ئۆزى ئىشچان، قولى ئالتۇندىن.
شان، ئۇتۇققا تەۋەللۇتكار ئىشەنچ، ئېتىقات،
بوۋىلارنىڭ ئارزۇسىغا ھەغدا مەرد ئەۋلاد.
بىر مىسالى ئالدىم مەنمۇ دوكتۇر ئۇنۋانى،
بوش كەلمەيدۇ پاراسەتتە قەشقەر ئوغلانى.
يېگى ئەسىر قۇببىسىدە چاقنىدى ئىقبال،
بىزنىڭ بولغاي باياشاتلىق، بايلىق، ئىستىقبال.
گۈزەل كۈنلەر ئالدىمىزدا، مېنى كۈت سەنەم،
مېھىر، سۆيگۈ، ئەرك، بەختكە تويۇنغاي ئالەم.

شۇنچە كۆيۈپ كۈل بولماسكەن ھۆل بولغاچ يۈرەك،
ئامان بولغىن، بەختلىك بول — مەندىكى تىلەك.
قۇچاق ئاچقاي ۋىسال تېگى، قۇياشلىق باھار،
جاۋابىڭغا ئىنتىزارمەن قەشقەردىكى يار.

1998 - يىل فېۋرال



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەڭرىتاغدا ئايەم

## 1

خرۇستالدەك سۈپسۈزۈك سۈبھى،
نۇر ئەممەكتە شەپەقتىن جاھان.
چوغ رەڭگىدە زېمىنىنىڭ سەتھى،
كۆرۈنمەيدۇ تاغلاردا تۇمان.
ئەگىز سۈيى شوخ ئۆسمۈر كەبى،
چاپچىماقتا باغ-چۆللەر تامان.

چوكانتاللار پۈلاڭلىتار چاچ،
قاينام تاشقىن يۇرت، يايلاق، دالا.
ئېتىز، قىرلار كىيگەن يېشىل تاج،
گۈل-چېچەكلەر چاقنىتار جۇلا.
ئۇيناق ئېقىن ئاتىدۇ غۇلاچ،
كۆلەم، ياشلىق تونىدا دۇنيا.

ئۇلۇغ ئىستەك، بەخت تۇيغۇسى،
تەڭرىتاغنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ.
ئۆتكۈرلەشكەن پىكىر-سەزگۈسى،
ئاي يۇلتۇزغا بېرىپ يېتىدۇ.
دىلدا نۇرلۇق ئەسىر سۆيگۈسى،
يېڭى ئايەم — تۇينى كۈتىدۇ.

شۇڭلاشقا ئۇ ئالدىراش، جىددىي،
قۇتلۇق ئىشقا تاشلىغان قەدەم.
ۋىسال قۇچقان ئاشىقتەك خۇددى،

روھى ئۇستۈن، مەردانە، بەردەم.
دىمىغىدا مۇشك ـ ئەنبەر ھىدى،
شادلىق يېشى كۆزىدە شەبنەم.

ئۇ ئالدىراش، ھەممە ئالدىراش،
ئوت ئىستەكتە ۋۇجۇدلار يانار.
چىرايلاردا يالتىرار قۇياش،
يۇرت ـ يۇرتلارنى كېزىدۇ باھار.
شەھەر ـ يېزا ياسانغان تۇتاش،
گۈرۈلدەيدۇ شاۋقۇنلۇق بازار.

تۈتۈن ئۆرلەر تونۇر، ئوچاقتىن،
قىز مەگزىگە ئوخشار توقاچ نان.
ساگزىدىكى تەمدىن، پۇراقتىن،
ئوخشىدى دەپ سۆيۈنەر جۇۋان.
شەھەرلەرگە ئاقار يايلاقتىن،
ئاق بۇلۇتتەك قوشقار ۋە پاقلان.

كۆگۈللەردە پاك ئىزگۈ تىلەك،
جىمى تىلدا بىر ئايەم ئېتى.
قەدىمگە تەقەززا يۈرەك،
(تېز بولسىدى كېلىش سۈرئىتى)
ئۈنى ياخشى قۇتلۇقلاش كېرەك،
خەلقىمنىڭ بۇ مۇبارەك ھېيتى.

**2**

يۆلەپ تۇرار كۆكنى يەلكىدە،
ئالماس تاجلىق شاھ ـــ تەگرىتېغى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ھاياجان خۇشلۇق ئىلكىدە،
يۇيۇلغاندەك كۆكۈلدىن دېغى.
تەقەززالىق، تەشۋىش، كۈلكىدە،
ئۇنىڭ شەھەر، سەھرا، كەنت، بېغى.

سۇبھىدەك پاك، بوۋاقتەك سەبىي،
قىتئەلەرگە تۇتاشقان ئۇپۇق.
جۇلالىغان شەپەق سەۋەبى،
زېمىن كىيگەن ئالتۇنرەڭ يوپۇق.
تويى بولغان يىگىت-قىز كەبى،
چېھرىلەر گۈل، كۆكۈللەر ئوچۇق.

كەلدى سابا يورغىلاپ لەرزان،
ئاچتى چولپان پەردىدەك چىراي.
پەشتاقلاردىن ياڭرىدى ئەزان،
ئادەملەرگە تولدى قۇتلۇق جاي.
ئايەم ئۈچۈن بولۇپ غەزەلخان،
كۈي باشلىدى ناغرا ۋە سۇناي.

ئۆي-ئۆيلەردە سويۇلدى پاقلان،
قازانلاردىن ئۇچتى خۇشپۇراق.
مول مەزەگە تولدى داستىخان،
سىنقويغۇدا ئۇسسۇل، كۈي، قوشاق.
ھېيتلىق ئالغان ئۆسمۈر قىز-ئوغلان،
خوشلۇقىدىن چاپتىكەش تايچاق.

باشلاندى شاد كۆكۈللۈك پەتە،
ئايرىلماستىن يېقىن-يىراقلىق.

تۆگەپ دىلدىن ئاداۋەت ـ مىتە،
باغجانلىدى دوستلۇق ئىناقلىق.
ھەممە ئويلار: «گۈزەلدۇر ئەتە،
نىسىپ بولسۇن قۇت ـ ئامەت، ساقلىق.

بىزگە قاراپ پۈلاڭلاتتى قول،
يېڭى ئەسىر — زەپەر ئەسىرى.
كۆكتە ئەنقا، زېمىندا دۈلدۈل،
كەلدى ئىقبال، مۇراد خەۋىرى.
ئالدىمىزدا ئۈمىدكە باي يول،
بىزگە مەنسۇپ ھۆرلۈك قەسرى.

3

ئاجايىپ ۋە ئۆزگىچە بۇ جاي،
مۇقام، ناخشا ـ ئۇسسۇل بۇلىقى.
بولسۇن مەيلى باي ياكى گاداي،
ئۆچمەي كەلدى سەنئەت چىرىغى.
كەلسە ئايەم بارچىنىڭ، ئاي ـ ھاي،
سامادىلا چىقار ھاردۇقى.

گۈلخان ياقار جىمى ۋۇجۇدتا،
سۇنايىنىڭ شوخ كۈيى، ناۋاسى.
قىزىپ كېتەر شىمال ـ جەنۇبتا،
ھېيت ئۇسسۇلى ئايەم ساماسى.
ئۆركەش، قىيان ياسايدۇ يۇرتتا،
سامادىكى ئادەم دەرياسى.

ئوت ـ ماگمىغا ئايلانغان تەنلەر،

يۈزلەر چوغلۇق، كۆزلەر خۇمارلىق.
تەۋرىنىدۇ قول-پۇت، بەدەنلەر،
ئاھ، نازاكەت، شوخلۇق، زىبالىق.
نەپىس ھەرىكەت، تەكشى قەدەملەر،
نىمدىگەن ئۇزلۇق، بەرنالىق.

ساما ئوينار بەش ياشلىق بالا،
يەتمىش ياشلىق بوۋاي ئۇسسۇلدا.
ساما ئوينار قەلەمكەش دانا،
ئاق لىچەكلىك موماي ئۇسسۇلدا.
تاھىر، پەرھات سامادا مانا،
زۆھرە، شىرىن — جۈپ ئاي ئۇسسۇلدا.

ساما ئوينار نەشپۈتلۈك ماكان،
قۇمۇلدا ھېيت شادىيانىسى.
نازىركومنى ياڭرىتار تۇرپان،
مەشرەپ ئوينار ئىلى ۋادىسى.
ھېيتنى قۇتلاپ ئوقۇيدۇ داستان،
قەشقەر، خوتەن — ئىرپان ئانىسى.

كۈي ياڭرىتار بۇلبۇللار باغدا،
شوخ سامادا زىرائەت، ئورمان.
ساما ئوينار ئالتاي ۋە بوغدا،
ساما ئوينار تارىم، زەرەپشان.
ساما ئوينار ئەجدادقا ھەمدا،
مىليون يىللىق تەڭرىتاغ خەندان.

1999-يىل 15-مارت

# مۇنبەر دۇردانىلىرى

(چاتما)

## گۈمبەز

ئويلىنىمەن تارىخ ھەققىدە،
شەۋكەت، شۆھرەت قىسمىتى قانداق؟
كۆرمىڭ شاھ ۋە بايلار گۈمبىزى،
بولدى قاغا ـ قۇزغۇنغا قونداق.

ئەمما قانداق چۆرگەلسۇن پەلەك،
مەشئۇملۇققا دۇچ كەلسۇن جاھان.
ئۆرۈلمىدى ئۇستاز گۈمبىزى،
نەسىللەرنىڭ قەلبىدە ھامان.

## ئۆلچەم

دۈم چۈشۈردى كۆپلەرنى بۈگۈن،
نام ـ مەنپەئەت، پايدىنىڭ غېمى.
باشقىلارغا ئوخشىماس مەندە،
نامرات بىلەن باينىڭ ئۆلچىمى.

يوقسۇل تۇرۇپ مۇئەللىم، ئەدىب،
روھىي بايلىق تەختىدە ھامان.
ئەقلى گاداي، پۇل ـ مالغا باينىڭ،
تەقدىرىدىن تەشۋىشتە زامان.

## سۆيۈنۈش

جاپا كۆرۈپ، گاھ كۆرۈپ راھەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوقۇتقۇچى بولدۇم ئوتتۇز يىل.
مېۋە بەردى مىڭلاپ كۆچىتىم،
شەربىتىنى ئىچتى سانسىز دىل.

شاگىرتلىرىم تۇردۇ يوقلاپ،
سۆيۈنىمەن دېسە «مۇئەللىم».
ئۇنتۇلاركەن كۆپ ئىشلار، بىراق،
ئۇنتۇلماسكەن بەرگىنىڭ تەلىم.

## قىممەت

مىڭ يىل ياشاپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
بەش يۈز ياشقا كىردى نەۋائىي.
تاجۇ تەختلەر يوقالدى، ئەمما،
يوقالمىدى نەزمە، روبائىي.

شائىر تاپار ئەسىرى بىلەن،
ئەۋلادلار ياد ئەتكۈدەك قىممەت.
شېئىر ئۆلمەس، بولسا ئۇنىڭدا
قەلبلەر ئوزۇق ئالغۇدەك ھېكمەت.

## خالىس

ئالقىش، رەھمەت، ئاپىرىنى كۆپ،
دوختۇر ساقا جىمى ئادەمنىڭ.
تەگرىتاغدىن ئېغىردۇر ۋەزنى،
بىمارغا سەن بەرگەن ياردەمنىڭ.

يەتكۈزىسەن يات-غەيرىيگىمۇ،
مېھرىبانلىق، شەپقەتنى خالىس.

ئىللىقلىققا تولاتتى دۇنيا،
خىسلىتىڭگە كۆپەيسە ۋارىس.

## تىمسال

قۇياش بەرگەچ نۇرىنى پۇلسىز،
يوقسۇلغىمۇ بولىدۇ باھار.
باغۋەنلەرچۇ، بېرەر ئەلگە بال،
قۇرۇق شاختا پىشۇرۇپ ئانار.

تىمسالىدۇر قۇياش ۋە باغۋەن،
سېخىي، ئىشچان، مەرد مۇئەللىمنىڭ.
تېتىمىغان لەززىتىنى كىم،
ئۇ مۇنبەردە بەرگەن تەلىمنىڭ.

## ھىكمەت

دېگەن ئىكەن زامان داناسى:
«بىلىم ئۆگەن، غەپلەتتە يۈرمە.
كۆپەيسە بىر مەكتەپ مۇبادا،
ئازىيىدۇ بىر نەچچە تۈرمە.»

گۆھەر باھا ئېسىل ئەقلىيە،
قەلبىمدىن يوق قىلدى غەپلەتنى.
مىللەت-ئەۋلاد تاپاتتى قۇدرەت،
دەستۇر قىلساق مۇشۇ ھىكمەتنى.

## ئەمدى بىلدىم

بەك تاتلىقتۇر ماختاش، خۇشامەت،
كۆپ كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرار.

تىغدەك ئۆتكۈر تەنقىد ــ ھەقىقەت،
باشلىرىڭدا چاقماق چاقتۇرار.

ئەمدى بىلدىم، ماختاشلار ماڭا،
تۆلتىپتۇ خېلى جىق بەدەل.
شىرنىسىدىن ئاچچىق تەنقىدنىڭ،
ئىجادىمدا پىشىپتۇ ھەسەل.

## ئارمان

ئۆلگەنلەرگە تالىقتۇر ئۆتمۈش،
تىرىكلەرنىڭ بۈگۈن ۋە ئەتە.
كەلدۇق، بىراق كېتىمىز تېزلا،
بۇ دۇنيانى قىلغاندەك پەتە.

بۈگۈن ئەۋلاد، ئەتە بىز ئەجداد،
دىلدا ئارمان:«يېڭى يول ئاچساق»
بەخت ئىدى، بۈگۈن، ئەتىگە
مۇئەللىمدەك بىلىم ـ نۇر چاچساق.

## ئەنسىرەش

يېتىم ئۆسمۈر چېغىڭدا ئۇستاز،
پەرۋىش قىلىپ دېگەنتى «بالام».
ھازىر ئۇ چال، سەن «سانتانا»دا،
ئۆتۈپ كەتتىڭ قىلماستىن سالام.

چاڭ ـ توپىدا قالسىمۇ پاك ئۇ،
بۇلغىنىپتۇ قەلبىڭ تۇزاندا.
ئۆگۈنىڭدىن قالدىم ئەنسىرەپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


يوق ئۆزگەرمەس قىسمەت جاھاندا.

## پۇشايمان

ھەر يىلدا بىر كېلىدۇ باھار،
يەرنى، دىلنى پۈركەپ چېچەككە.
ياشلىق بىرلا كېلىپ، يوقايدۇ،
كۆمۈلگەندەك گويا لەھەتكە.

نابۇت بولغان گۆھەر ياشلىقا،
قېرىغاندا يەيمىز پۇشايمان.
ئۆتەرمىزمۇ يەنە شۇ پېتى،
ئەقىل تاپماي، بولۇپلا نادان؟

1999 ـ يىل ئاۋغۇست



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئېرادىن ئېراغا ھالقىدى ئۆمرۈم

(تەرجىئىبەند)

ئەڭ قۇتلۇق ئايەم بۇ، ئەل-جاھان خۇرسەن،
ئىلھاملىق ھاياجان ماگمىسى كۆڭلۈم.
زېمىندا قىش، قەلبىم تۇپرىقى گۈلشەن،
ئورالغان ئېپار بۇي گۈلگە ئوڭ-سولۇم.
ئۇزاتتىم مىڭ يىلنى ھەرخىل قىسمەتتە،
قۇت نەزەر تاشلاپ، گاھ گۈلەيدى ئۆلۈم.
يىغا، رەشك، رىيازەت دەشتىدىن ئۆتۈپ،
قان-تەردىن ياشنىدى ئىنسانلىق گۈلۈم.
يېتىشتىم ئېلېكتر، ئۇچۇر دەۋرىگە،
گەر سوزسام يېتىدۇ مارسقا قولۇم.
كەينىمدە بىر تارىخ ئېيتار ماڭا خوش،
ئالدىمدا يىپيېڭى مىڭ يىللىق يولۇم.
ئايلاندى بىلىملىك، ئاقىل ئەۋلادقا،
ئەجرىمدىن چوڭ-كىچىك قىزىم ۋە ئوغلۇم.
ئىككىنچى ئېرانى تۈگىتىپ بۈگۈن،
ئۈچىنچى ئېراغا ھالقىدى ئۆمرۈم.

ھەممىگە بولمايدۇ بۇ بەخت نېسىپ،
(كۆرگەنلەر بەكمۇ ئاز ئىككى ئېرانى)
بۇ كەبى ئامەتتىن بولدۇم شاد-مەمنۇن،
ماڭىلا بەرگەندەك پۈتكۈل دۇنيانى.
تەسەۋۋۇر قانىتىم قىلدۇردى پەرۋاز،
سەيلەتتىم مىڭ يىللىق زېمىن-پەزانى.

مەھمۇدقا، يۈسۈپكە بولدۇم ئىراداش،
ياڭراتتىم نەۋائى بىلەن ناۋانى.
ئىبدىسون، سۇقراتتىن ئالدىم تەلىمات،
يوقلىدىم فارابى، ئىبنى سىنانى.
كۆزلىرىم قاماشتى، چاقناپ قۇياشتەك
تۆھپىلەر قامۇسى — ئەجىر بوستانى.
قۇيۇلدى شەربەتتەك خەلقىم قەلبىگە،
مىڭ يىلنىڭ شاھانە نەزمە ـ داستانى.
ئىككىنچى ئىرانى تۈگىتىپ بۈگۈن،
ئۈچىنچى ئىراغا ھالقىدى ئۆمرۈم.

ئۆتمىدى ئىككىنچى ئىرا خاتىرجەم،
بولغاچقا جاھالەت، نىزاغا تىرەك.
قانخۇمار تەلۋىلەر كۆتۈرۈشتى باش،
جاللاتلىق تەختىدە مىلتىق، زەمبىرەك.
قاپلىدى قان، پۇرۇخ ھىدى جاھاننى،
بولمىدى ئەسىرلەپ تىنچلىقتىن دېرەك.
قۇللۇققا تاشلاندى تالاي مىللەت، ئەل،
يۇرت ۋەيران، ئەل سەرسان، قوقاستا يۈرەك.
زالىملار، نادانلار سۈرۈشتى دەۋران،
دار ئاستى، زىندانىدا دانىشمەن، زېرەك.
ئاپىرىن، ياڭرىدى ئويغىنىش زالپى،
قۇت ـ ھۆرلۈك قوشۇنى قىلدى توي، كۆرەك.
ئىككىنچى ئىرانى تۈگىتىپ بۈگۈن،
ئۈچىنچى ئىراغا ھالقىدى ئۆمرۈم.

كۈچ، ئەقىل، جاسارەت بەردى ساۋاقلار،

ئاخىرى تۈتەكلىك ئاسمان سۈزۈلدى.
زۇلمەتتىن نۇر غالىپ، قۇللۇقتىن ھۆرلۈك،
زۇلۇمنىڭ زەنجىرى بىر-بىر ئۈزۈلدى.
مەزلۇملار بولماقتا ئۆزىگە خوجا،
تەڭلىككە مۇناسىپ قانۇن تۈزۈلدى.
قىتئەلەر ئىشكى ئېچىلدى داغدام،
بېكىنمە نادانلىق تېمى ئۆرۈلدى.
شەرق-غەرب گۈللەندى، كۈچەيدى دوستلۇق،
تىنچ، ئادىل، باراۋەر ئىش يۈرگۈزۈلدى.
تاپماقتا كەشىپ، ئىجاد، تېخنىكا كامال،
ئىنساننىڭ سەپىرى ئايغا سۈرۈلدى.
ئىككىنچى ئېرانى تۈگىتىپ بۈگۈن،
ئۈچىنچى ئېراغا ھالقىدى ئۆمرۈم.

تەلىيىم، بىر يېڭى ئېرا-ئەسىرگە،
كىرمەكلىك تۆھپىدە سالامەت، خەندان.
ئەل، مىللەت سەنئىتى خەزىنىسىگە
جاۋاھىر تۆكتۈم ۋە تۆكىمەن چەندان.
يەتمەمدۇ شادلىقتىن ئاسمانغا بېشىڭ،
ئەل سېنى ئاتىسا «تۆھپىكار ئوغلان!»
بىر مىڭ يىل ئاخىرى، بىر مىڭ يىل بېشى،
ئۆمرۈمگە سالنامە ـ مەن بۈزرۈك ئىنسان.
چاقىندى زىياسى ئىشەنچ، ئۈمىدىنىڭ،
چاقىردى قۇت، بايلىق باغرىغا دەۋران.
تەڭرىتاغ قاقماقتا سۇمۇرغدەك قانات،
بولىدۇ تارىم ھۆر جەننىتى رىزۋان.
يار بەرسە ھاياتىم، كۆرسەم شۇ كۈننى،
قالمايتتى دىلىمدا زەررىچە ئارمان.

ئىككىنچى ئېرانى تۇگىتىپ بولغان،
ئۈچىنچى ئېراغا ھالقىدى ئۆمرۈم.

2000 - يىل 25 - دېكابىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## دىدار غەنىيمەت

بۇلبۇل ئۈچۈن سايراشقا گۈلزار غەنىيمەت،
ئىنسان ئۈچۈن ھاياتتا دوست ـ يار غەنىيمەت.
ئەسسالامغا جەملەنگەن كۆڭۈل سۆيگۈسى،
كۆرۈشكەندە شېرىن سۆز ـ ئىزھار غەنىيمەت.

تىنچ ـ ئامانلىق، ساغلاملىق زور بەخت ـ بايلىق،
يامان كۆزدىن ساقلاشقا تۇمار غەنىيمەت.
كۈچ ـ قۇدرىتىڭ باردا دوستلارنى قوللا،
ئۇزۇن يولدا سىنالغان تۇلپار غەنىيمەت.

تەنھا ياشاش، يالغۇزلۇق ئادەمگە ئازاب،
ئەل ـ جامائەت ئىچىدە قاتار غەنىيمەت.
تۆھمەت، ھەسەت، ئاداۋەت تۇغار زىمىستان،
دوستلار مېھرى ياراتقان باھار غەنىيمەت.

سۇرگىن ھايات، مۇھەببەت، دوستلۇق پەيزىنى،
ئۆمۈرلۈك دوست، ۋاپادار نىگار غەنىيمەت.
كىم بىلىدۇ، كېتىمىز قايسىمىز بالدۇر،
يوقلاپ تۇرغىن دوستلارنى دىدار غەنىيمەت.

1980~2000 ـ يىللار

# سىپھىر ـ ھېكمەت بۇلىقى ئادەم

# (رۇبائىيلار)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

1

ياشىدۇق، باغرىڭغا قانمىدۇق دۇنيا،
دەرد ـ كۈلپەت چەكسەكمۇ تانمىدۇق دۇنيا.
ئەجرىمىز ـ تۆھپىمىز ئەۋلادقا مىراس،
سەندىن ھېچ قۇرۇق قول يانمىدۇق دۇنيا.

2

باشلىنىش ھەر سۈبھى گۈزەل ھاياتقا،
قۇياشنىڭ پېتىشى تىمسال ماماتقا.
تارىخنىڭ سورىقى ـــ تەقدىر سورىقى،
تەييارلان ئەجرىڭدىن ياخشى جاۋابقا.

3

تېنىڭ ساق، ئۆزۈڭنى بەختلىك سانا،
ئۆزگىنىڭ بەختىنى قىلمىغىن تەما.
سىڭدۈ ساقلىقتا يېگەن زاغرىمۇ،
سەكراتتا لوقمانمۇ قىلالماس داۋا.

4

پەزىلەت ئوخشايدۇ چوڭقۇر دەرياغا،
ئاقىدۇ تېپتىنچ يۇرتقا، دالاغا.
كۆي قاتماس ئۆزىچۈن، ماختانماس ھەرگىز.
مۇشەررەپ تۈمەنلەپ كۆيگە ـ ناۋاغا...

5

بېرىلىپ ھاۋايى ھەۋەسكە، ھېسقا.
ياشلىقنى خەجلىدىڭ ئىشرەتكە، ئىسقا.
چۈشەنسەڭ، ئەي ئىنسان بۇرۇنراق كاشكى،
بولماستى ھاياتىڭ بۇنچىلا قىسقا...

6

گۆردە ئۇ، ھاياتتىن، ئادەمدىن جۇدا،
تەشۋىشتىن، ھەسەتتىن، ماتەمدىن جۇدا.
ياراتقاچ تىرىكلىك ۋاقتىدا تۆھپە،
بولمىدى پاك روھى ئالەمدىن جۇدا.

7

قازىنىپ بىر ئۇتۇق چاچتىڭ زەر شولا،
يەنىمۇ نۇرلىنىش يولىنى ئويلا.
ئۆلۈكسەن قانائەت لېيىغا پاتساڭ،
باسىدۇ قەبرەڭنى يانتاق ۋە لويلا.

8

ئولتۇرسام مەي ئىچىپ شادلىنىپ راسا،
ياڭرىدى قەدەھتىن جاراڭلىق سادا:
كەتمىگىن كېرىلىپ غەپلەتتە يىگىت،
ئەيلىدىڭ بۇرچىڭنى قانچىلىك ئادا؟

9

تۇراتتى ئۇ دەسسەپ ئانا تۇپراققا،
باقاتتى جاھانغا — جىمى ئەتراپقا.
يالقۇنجار قەلبىدە ئەل-مىللەت غېمى،
ئوخشاتتىم مەن ئۇنى ئايغا-ئاپتاپقا.

10

تېشىدۇ تاشنىمۇ ئەڭ نازۇك گىياھ،
تۇسالماس بىخ سۈرۈپ ئۆسۈشتىن قىيا.
ئاياندۇر بۇ ئىشتىن بۈيۈك ھەقىقەت:
توسۇلماس ئېتەكتە ھەقىقەت — زىيا.

11

تەلپۈندىم ئىجادقا، پەنگە — يورۇققا،
ئىرىشتىم ئەجرىمدىن ئاز-پاز ئۇتۇققا.
يەتمىدىم پەللىگە، ئىلىم بەھرىنىڭ —
پاسلى تۇتاشقان چەكسىز ئۇپۇققا.

12

قىلغانتى نەسىھەت ماڭا بىر دانا:
ئىنسانىنىڭ بىرىنچى ئۇستازى ئانا.
ئانىنىڭ قولىدا ئەۋلاد ئىقبالى،
ئانا بار يارالدى، گۈللىدى دۇنيا.

13

ئۆمۈرنى ئۆلچىمە يىل بىلەن ياشتا،
ئۇن چالنىڭ ئۆمرى بار مىڭ يىللىق تاشتا.
ئۆلدى دەپ ئىبىتالماس لۇتۇننى ھېچكىم،
تۇرمامدۇ زەپەرلىك سەپتە ئەڭ باشتا.

14

يارىشار باغلاق ۋە خىرىس ھايۋانغا،
ئەركىنلىك، تىنچلىق ۋە بەخت ئىنسانغا.
ئاھ نېچۇن يارىتىپ ئۇرۇش قورالى،
ئوت قويدۇڭ ئاپەتتىن جىمى جاھانغا!؟

15

لاپ بىلەن يۇرت ئالار سەرۋازلار تولا،
ئورۇنسىز جېدەلگە باز-بازلار تولا.
ئون خىل رەڭ تاش تاپتىم شەيتانكەرشتىن،
جاھاندا رەڭ تولا، رەڭۋازلار تولا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

16

ئەدىبلەر ئۆم-ئىناق، ئوت يۈرەك بولسا،
مۇتەللىپ، نىمشىھت، بىلالدەك بولسا.
زۇلمەتكە ئوت ئاچقان، ئەلگە نۇر چاچقان،
مەرد خالىس يۇلتۇزدەك، ھىلالدەك بولسا.

17

ئىشان دەر: «مال دۇنيا جۇغلىماق خاتا،
قانائەت قىل، ئەگەر كەيسەڭمۇ ماتا».
ۋە لېكىن ياشايدۇ راھەتتە ئۆزى،
«شۈكرى»گە قۇل بولغان چېكىدۇ جاپا.

18

تىللايمىز ئېشەكنى جاھىل، كاج، تەرسا،
خورلايمىز، مەسخىرە قىلىمىز راسا.
يۈرىمىز بىپەرۋا ئارىمىزدىمۇ،
ئادىمىي سۈرەتلىك ئېشەكلەر تۇرسا.

19

ئەي ئىنسان، يۈزلەندىڭ بۈگۈن بازارغا،
بېيىغىن، ئەرزىيدۇ ماختاپ يازارغا.
ئۇنۇتما ھالاللىق، ئىنساپنى ئەمما،
ھېچنەرسەڭ سەن بىلەن كەتمەس مازارغا.

20

شادلاندىڭ كىشىلەر ياققان چىراغقا،
ئىشىكتىن ئۆيۈڭگە كىرگەن پۇراققا.
ئۆتتۈڭغۇ ساھىبخان بولۇپلا ئانا،
بارمايسەن مېھمانغا نېچۈن يىراققا؟

21

هامىلدار بۇ هايات مۇسىبەت، تويغا،
چوڭكىمەن ئازابلىق، تېگى يوق ئويغا.
نادانلار ئىشرەتتە، ئاقىللار دەردتە،
غاپىللىق پېقىرنى سالدى هەر كويغا.

22

تۇزۇيدۇ گۇل بالدۇر، بالدۇر ئېچىلسا،
قېرىيدۇ تېز ئادەم ئاسان چېچىلسا.
ئوغلۇڭمەن تەڭرىتاغ تىلىكىم بىرلا،
بىمىننەت ئەجرىمدىن بەختىڭ ئېچىلسا.

23

هۆددىگەر باشلىقسەن كىتابخانىغا ،
كۆۋرۈكسەن مىللەتنىڭ پەن-ئېرپانىغا.
پۇلنىلا كۆزلىسەڭ ئەۋلادنى ئۇنتۇپ،
قانداق يۈز كېلىسەن مىللەت ئانىغا.

24

ئەگەر سەن ئىنسانىي هېس ۋە تۇيغۇغا،
چاق غەيلەت دامىنى، پاتما ئۇيقۇغا.
ئاقىللىق ئۆلچىمى ئىشەنچ ۋە جۈرئەت،
بىل ياشاش-ئىشلەشنى، چوڭكىمە قايغۇغا.

25

پۈتۈڭدا تېپىسەن، چىشلەپ چىشىڭدا،
غالىبتەك يۈرۈيسەن. دوست يوق قېشىڭدا.
نە بولدى هوسۇلۇڭ يۈرتۋازلىق قىلىپ،
كۆرمىدىم، ئالتۇن تاج يوققۇ بېشىڭدا؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسىل ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

26

ھەيرانمەن بەزىبىر ئادەم ئىشىغا،
چىقار گاھ ئۆزىنىڭ ئۆزى بېشىغا.
ياخشىلىق، خۇشاللىق، ئامەتتىن كېچىپ،
يۈگۈرەيدۇ يامانلىق، ئاپەت قېشىغا.

27

باشلىقىا ئېگىلىپ قامىتىڭ ئوقيا،
مۇئەللىم قول بەرسە باقمىدىڭ قىيا.
تىيىنغا توختىماس بولدى قىممىتىڭ،
قىلىپتۇ پۇل-ھوقۇق ئەقلىڭنى ئەما.

28

تا ئەزەل بىر ئادەت باردۇر جاھاندا،
زەردارمۇ، يوقسۇلمۇ يىغلار دەپ «خۇدا».
تەڭرىنىڭ ئالدىدا ئوخشاش ھەممىمىز،
بولمساق ئىماندىن، ئىنساپتىن جۇدا.

29

بۇيرۇدۇڭ: «شاد ياشا، كۆرمە دەرد-جاپا»
گۈزەل يار، ئېسىل مەي بەردى قۇت-ۋاپا،
تاشلىساڭ كولپەتكە ئەمدى ئەي پەلەك،
بولامدۇ ئاۋۋالقى بۇيرۇقىڭ خاتا؟

30

مەي ئىچتىم يار بىلەن بېغىمدا تازا،
جەننەتنىڭ پەيزىنى سۈردۈم بىر ھازا.
ئىشتتىم غايىبتىن بىر سادا شۇ چاغ،
«جەننىتىڭ بېغىنى ئۆزۈڭ قۇر، ياسا!»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

31

راستلىقنى ئۆگەتكەن مۇئەللىم ساڭا.
ئۇنۇتتۇڭ، ساختا مال ساتتىڭ سەن ئاڭا.
قىلمىشىڭ ئەسلەتتى ئىبلىس كەمپىرنىڭ،
پەرھادنى ئالدىغان ئىشنى ماڭا.

32

ئىپار خۇش ھىدى بار ھاۋالىرىڭدا،
باتۇرلار قېنى بار دەريالىرىڭدا.
شائىرسەن تەڭرىتاغ، كۈيلىنەر ھامان،
ئەجدادلار تۆھپىسى ناۋالىرىڭدا.

33

تەڭرىتاغ، سەن ئۇلۇغ، مېھرىبان ئانا،
باغرىڭدا يېتىلدىم بولۇپ مەرد، دانا.
بۆشۈكسەن يۈزلىگەن ئالىم، ئەدىبكە،
مېنىمۇ شۇلارنىڭ بىرسى دەپ سانا.

34

چىقتىمەن ئۈستىڭگە ـ چىقتىم ئەرشكە،
«مەرھابا!» دېدى ئاي، يۇلتۇز، پەرىشتە.
تەڭرىتاغ، ئۆمرۈمگە ئالدىم سېنىڭدىن،
بۈيۈكلۈك، يۈكسەكلىك ئۈچۈن ئەۋرىشكە.

35

بولساڭمۇ كۈچ ـ قۇدرەت بابىدا دىۋە،
ئادەمسەن، ئەجرىڭدىن ئالغىن نىسۋە.
كۆردۈڭغۇ ئىنسانىنىڭ تاپىنىدا ئاي،
ئادەملىك ھەممىدىن ئۇلۇغ مەرتىۋە.

36

سىڭدۈرگەچ شۇ بوۋاي ساڭا كۆپ ئەجىر،
بولۇپسەن گۈزەللىك بېغىدا ئەتىر.
كەمسىتمە دۈمچەك دەپ، نامرات دەپ زىنهار،
سەن ئۈنىڭ پۇشتىدىن تامغان بىر قەتىر.

37

كەلىسمۇ بېشىڭغا ئاپەت، ۋەھىمە،
ئۈزمىگىن ئۈمىدنى، تۈگەشتىم دېمە.
قورقمايدۇ بورانلىق دېڭىزدىن غەۋۋاس،
ئۈمىدسىز كىشىدۇر لەنگەرسىز كېمە.

38

ئىشىنىپ غەيۋەتچى توشۇغان گەپكە،
مۇشت ئاتتىم دوستۇمغا تولۇپ غەزەپكە.
ئاڭلاندى ئەجدادلار قەبرىدىن سادا[1]:
«ئىغۋاغا ئىشەنگەن قالار نەپرەتكە!».

39

ئادەمنىڭ قىممىتى غۇرۇر، ئىرادە،
ئۇ بىلەن ھۆرمىتىڭ، قەدرىڭ زىيادە.
نامەردتىن ئات تىلەپ مىنگەندىن كۆرە،
ياخشىدۇر بىر ئۆمۈر قالساڭ پىيادە.

40

بىر دوستۇم ماختاندى:«بولغاچ ئەقىدە،
ئون پارچە شېئىر ياردىم ئانا ھەققىدە».
مەن دېدىم: ئەرزىيدۇ مىڭلاپ داستانغا،
تەۋەللۇت تولغىقى ـ قىسقا دەقىقە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

41

سودىيە بول ھامىي ھەق ـ ئادالەتكە،
رەقىب بول چىرىكلىك ھەم خىيانەتكە.
قازىدەك ئوغرىغا بولساڭ گەر شېرىك.
قالىسەن لەنەتكە، دەرد ـ نادامەتكە.

42

جەڭدە ئەر جەڭچى، قىز شەپقەت ھەمشىرە،
ئۆمۈرلۈك مەھبۇبتەك سىلىشقان گىرە.
زەپەردىن كېيىنلا ئۆزگەردى قىسمەت،
ئەر ھاكىم، قىز مەھكۇم، ئىقبالى خىرە.

43

كۆيىمەن ئانا يۇرت، زامان، مىللەتكە،
چۆكىمەن گاھ شادلىق، گاھ ھەسرەتكە.
بولاتتى بەختىم ۋە يۈرىكىم پۈتۈن،
ئېرىشسە تەڭرىتاغ مۇراد ـ مەقسەتكە.

44

چۈشۈپ چوڭ ئىمتىياز، شۆھرەت غېمىگە،
ئەي نادان، دەسسەپسەن ئىككى كېمىگە.
بولماپتۇ مەنسەپ يا شائىرلىق نېسىپ؛
ئېرىشتىڭ چوڭ بەدەل تۆلەپ نېمىگە؟

45

ھېسابلاپ ئاۋامنى نادان قۇل ـ چۆرە،
يۈرۈپسەن ئۆزۈڭنى چاغلاپ بەگ ـ تۆرە.
ئەقلىڭ يوق ئىكەنغۇ ھايۋانچىلىكمۇ.
ھېچقاچان ھۆرمەس ئىنىغا بۆرە.

46

بىر قاراپ ۋىجدانى ئەما ئادەمگە،
ئىچىندىم موھتاجكەن تەنقىد ـ ياردەمگە.
«يات يۇرتلۇق» دەپ يۈرۈپ سىغماپتۇ يۇرتقا،
باشقىلار پاتقاندا پۈتۈن ئالەمگە.

47

تەگرىتاغ، ئىشقىڭدا قەلبىم پەيۋەندە،
سۆيۈملۈك ھەم گۈزەل بارچە يۇرت سەندە.
ئازغۇنلۇق ئەمەسمۇ بىر يۇرتنى ماختاپ،
بىرىنى كەمسىتىپ، قىلماق دەپسەندە.

48

تۆھپىكار ئاقىلنى ماختا ھۆرمەتتە،
غاپىلنى ئويغاتماق بۇرچۇڭ ئەلۋەتتە.
ۋە لېكىن خەلقىڭنى قىلما ھاقارەت،
مىللەتتە گۇناھ يوق، گۇناھ ئىللەتتە.

49

جاھانغا سال نەزەر، ئەسلا بېكىنمە،
بولدى بەس، ئۆتكەنگە قاقشاپ ئۆكۈنمە.
ھەر دەۋر يارىتار يېڭى باھادىر،
باش كۆتەر سەجدىدىن، تىترەپ يۈكۈنمە.

50

مەرد كىبزەر رىيازەت تىكەنلىكىدە،
خىسلىتى ـ ھەققانىي ئىكەنلىكىدە.
سائەتنىڭ قىممىتى تېزلىكتە ئەمەس،
توختاۋسىز توپتوغرا يۈرگەنلىكىدە.

51

ئوقۇسام تارىخنى يۈرىكىم زىدە،
تىكلەنگەن خانلارغا ھەيكەل ـ ئابىدە.
مەرىپەت باغۋىنى نىچۈن ھەيكەلسىز؟
ئۆرتەندى دىل ئازاب ، ئەلەم لەرزىدە.

52

بازار بىر دېڭىزدۇر، ئادەملەر كېمە،
ئۈنىڭدا پۇل، ئامەت، بوھران، ۋەھىمە.
بايلىقنىڭ ئاچقۇچى پۇرسەت ۋە ئەقىل،
مەردانە تور تاشلا، قورقما، غەم يېمە.

53

سالدى باي بىر مەكتەپ، بارماي ھەرەمگە،
ياغدى ئەل رەھمىتى بۇ مەرد ئادەمگە.
دېدى ئۇ : بايلىقنى ئالدىم بىلىمدىن ،
قەرزدارمەن مۇئەللىم ـــ سېخىي ھاتەمگە.

54

مۇئەللىم، ساڭا شان ـ ھۆرمەت نېسىۋە،
يارامىلىق ئەۋلادـــ سەن پىشۇرغان مېۋە .
مەنىۋى ئالەمنىڭ تەختىدە شاھ سەن،
بۇ كۆللى ئالەمدە يۈكسەك مەرتىۋە.

55

ئىككى رەت ئۆلدى بىر بىلىمسىز بەندە،
ھوقۇقتىن چۈشكەندە، گۆرگە كىرگەندە.
بىر ئۇستاز كۆز يۇمدى، روھى بەرھايات،
يۈرىكى سوقماقتا مىڭلاپ بەدەندە.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى

56

مۇئەللىم ئۇل سالدى شاگىرت بەختىگە،
كۆپلىرى چىقتى پۇل، مەنسەپ تەختىگە.
بەزىلەر چىقاردى ئۇستازىنى ئەستىن،
مىنگەچكە بالاخور نەپسى ئەقلىگە.

57

بىلىمسىز ئوخشايدۇ گىياھسىز چۆلگە،
بىلىملىك ئوخشايدۇ باراقسان گۈلگە.
قالمايتتى جاھاندا نادانلىق، رىيا،
مۇئەللىم خىسلىتى قىلىنسا ئۈلگە.

58

بىلىمسىز غاپىللار جانسىز بىر سايە،
يوق ئۇندا نە قۇدرەت، نە ئەقىل، غايە.
ئۇ مىللەت، ۋەتەننى غاجار قۇرۇتتەك،
قىلالماس ئۆزىنى ياۋدىن ھىمايە.

59

كۆز سالسام باي ـ نامرات جىمى ئادەمگە،
يار ئىكەن خىلمۇخىل تەشۋىش ـ ئەلەمگە.
ئويلىدىم دەرد ـ كۈلپەت سىغقاندۇ قانداق،
ئىپتىدا ـ ئىنتىھاسى مەجھۇل ئالەمگە.

60

ئىچمىسەڭ ئۆز ئىشىڭ، مەيخورنى سۆكمە،
پۇلى بار، سىبنىگدىن سورىماس ئۆتنە.
جام بىلەن ئۇلپەت ئۇ، سەن غەيۋەت بىلەن،
مەستخۇشلۇق ياخشىدۇر، قىلغاندىن پىتنە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگىڭ ئادرېسى

61

قۇل بولۇپ يېپىشقاچ ئىشان پېشىگە،
مۆمىن سەن. رايىڭ يوق قەدەھ-شىشىگە.
خوپ ئىدى سوپىدەك مالاي بولغىچە،
ئايلانساڭ مەست بولۇپ باتۇر كىشىگە.

62

كېلىمىز، كېتىمىز، كېلىدۇ يەنە،
قىلمىغىن باقىيلىق تەختىنى تەمە.
جاھاننى تىترەتكەن شاھلارنىڭ بېشى،
ياتمامدۇ خار-تۇپراق بولۇشۇپ ئەنە.

63

ئۆرۈپ يۈز چىن دوستۇڭ يۈرىكىڭ خۇناپ،
خورلانغاچ ئەقىدەڭ چېكىسەن ئازاب.
ئۇنۇتقىن ھەممىنى، قولغا ئال قەدەھ،
ۋاپاسىز دوستىڭدىن ياخشىدۇر شاراب.

64

سېنىڭدۇر، ئەي ئىنسان، زېمىن ۋە ئاپتاپ.
سېنىڭدۇر باغ، ئورمان، تاغۇ دەريا-ئاب.
توق تۇتقىن كۆڭلۈڭنى، بولما نائۈمىد.
نېمە ئۇ ۋاقىتلىق ھىجران ۋە ئازاب.

65

ئاقىلغا ياراشماس ئاداۋەت، مەزھەپ،
ياراشماس نادانغا ھۆرمەت ۋە مەنسەپ.
ئامەتمۇ. ئاپەتمۇ قارىغۇ ئەرمىش،
ئېگىزگە ئېسىلغىن ئۆزۈڭنى دەڭسەپ.

66

ئەي ھاجى مەككىگە باردىڭ پۇل تويلاپ،
قايتىشتا مال ئالدىڭ مىڭلاپ-تويلاپ.
ئۇن پۇللۇق نەرسىنى يۈز پۇلغا ساتساڭ،
بولامدۇ ھەج قوبۇل، ئىنساپ قىل، ئىنساپ.

67

ئالدىراپ ئۆتكەنىڭ چوڭ يولنى كېسىپ،
بەدىنىڭ مىجىلدى ماشىنا بېسىپ.
ئەقلىڭنى يۈتكەدىن ئىشلەتسەڭ بالدۇر،
بولمايتتى ساڭا بۇ پاجىئە نېسىپ.

68

ئەي كىبىر، دوق-ھەيۋە قىلمىغىن كايىپ،
مەنسەپ بىر ئالۋۇندۇر، بولىدۇ غايىب.
جاھاندا ئۆتكۈنچى ھوقۇق، پۇل، زورلۇق،
تۆھپىكار كىشىلەر ئەبەدىي غالىب.

69

يېگانە، بى دەرمان، ھالىدىن كېتىپ،
بىر بوۋاي يېقىلدى قېرىلىق يېتىپ.
بىلەمسەن، بىر چاغلار نەۋقىران ئىدى،
يۈرەتتى نى گۈزەل قىزلار قاش ئېتىپ.

70

ئەي نادان، يۈرۈپسەن ئۆزۈڭنى ماختاپ،
بىراۋغا باش ئۇرۇپ، بىراۋدىن قاقشاپ.
بولاتتى يۇرتمۇ تىنچ، سەنمۇ خاتىرجەم،
پۇت-قولۇڭ ساق قالسا، زۇۋانىڭ توختاپ.

71

چاپسەن بايۇەچچە پۇل ـ مالنى كۆزلەپ،
روناق تاپ، يوللار ئاچ توسقۇننى تۈزلەپ.
سىخىي بول، ئەۋلادلار چىقمىسۇن ئەستىن،
باللار ئوقۇشسىز قالماقتا يۈزلەپ.

72

دېدىڭغۇ: «چىن دوستلۇق ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ،
دوستلۇققا شەرت ھازىر ھوقۇق، پايدا ـ نەپ»
ئاھ ئىنسان، رىيادا يەتتىڭ نەگىچە،
تۈرىمەن سۆكۈتتە، قەلبىمدە غەزەپ.

73

دەۋرنىڭ خىتابى: باي بولغىن، پۇل تاپ،
ئەي ئۇيغۇر، ئەڭ ئاۋۋال ئەقىل تاپ ـ يول تاپ.
كەمئەقىل، يولى تار باي گويا ئەما،
ئەماغا پەرقسىز قاراڭغۇ، ئاپتاپ.

74

پىدوفى ئېيتىدۇ: «ئۈمىد بىر جالاپ»
مەن دەيمەن ئۈمىد ـــ كۈچ، ھاياتبەخش ئاپتاپ.
ئۈمىدتىن كۈچلىنىپ ياشايدۇ ئىنسان،
چەكسىمۇ ھەرقانچە كۈلپەت ۋە ئازاب .

75

چەت ئەلگە چوقۇنۇپ نىجاتكار چاغلاپ،
كەمسىتتىڭ يۇرتىڭنى، خەلقىڭنى تىللاپ.
قىسمىتىڭ غالچىدىن بولمامدۇ بەتتەر،
قوتانغا بۆرىنى باشلىساڭ چىللاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى

76

تۇرمۇشتا تۇرىمز ئىمتىھان بىرىپ،
بولساقمۇ تەندۇرۇس ۋەياكى مىيىپ.
ئۆتىدۇ سىناقتىن كىم بولسا قەيسەر،
نادانلىق،پوچىلىق،ھۇرۇنلۇق ئەيىب .

77

مەجلىستە قايىندىڭ شارابنى سۆكۈپ،
ئەيىبلىدىڭ كۆڭلۈڭگە قانداق ئوي پۈكۈپ.
سۆزۈڭگە ئوخشىماس ھەرىكىتىڭ، تووۋا،
يۈرسەن قاۋاقتا بىشىڭچە چۆكۈپ.

78

سۆزلەيسەن قازىدەك كۆپۈپ، كۆكۈرۈپ،
بىرىنى ماختايسەن ئوننى چۆكۈرۈپ.
نە گۈزەل ياشىساڭ ھاياتتا ھالال،
دىلىڭنى ئاداۋەت-كىرنى سۈپۈرۈپ.

79

ھەج دەيسەن، ئورنىڭدىن پۇلسىز دەس تۇرۇپ،
ئۆز نەسلىڭ ئوقۇشسىز-ھۆر ئەمەس تۇرۇپ.
ھاجىلىق ياپالماس مەھكۇملۇقىڭنى،
نادانلىق تىغىنى ئۆرىمەي تۇرۇپ.

80

بار دەيدۇ جەننەتتە ھۆر پەرى، شاراب،
ياخشىلار ئۈنىڭغا ئىمىش داخىل-باب .
مەي گۇناھ ئەمەسكەن، مۇھەببەتمۇ ھەم،
ئىچەيلى بەزمىدە يار بىلەن گۈلاب.

81

ئىسيانچى ئىدى ئۇ، جىق مازار ـ مەسچىت ـ
شۇ نىجىس قولىدا بولغانتى بىتچىت.
بۇگۈن باي ھاجى ئۇ، بىشىدا سەللە،
ئويلىدىم ئادەملەر ھەققىدە جىمجىت.

82

نە بىزدە ساپدىللىق،نە ۋىجدان، ئۇيات،
سىقىشتۇق گال ـ ياقا پۇل ئۈچۈن، ھەيھات.
ۋاي ئىسىت، شۇ ئىبلىس قەغەز ۋەجىدىن،
نەسلىمىز بىر تۇرۇپ، بولۇپ كەتتۇق يات.

83

بەزىلەر ئۈندىدى:«بولما ھاماقەت،
قول ئۈزۈپ ئىجادتىن، قىلغىن تىجارەت»
نامراتمەن پۇل ـ مالدا، غەنى ۋىجدانىم ـ
يولۇمدىن قايتىشقا بەرمەس ئىجازەت.

84

نامراتقا ئەگىشتەر تەۋەككۈل، جۈرئەت،
جۈرئەتتىن تەۋەللۇت يول، ئامەت، پۇرسەت.
دىگىزدىن قورققۇچى بولالماس غەۋۋاس،
سۆزەلمەي زەر ـ گۆھەر، باسىدۇ غۇربەت.

85

بوۋاملار تىلىدىن ئاڭلىدىم ئۈگۈت،
تۇغۇلدى قەلبىمدە ئىپچىنىش، سۆكۈت.
تۇتىيا ئۈگۈتكە قىلالماي ئەمەل،
مەھكۇملۇق ئىلكىگە تاشلىنىپتۇ يۇرت.

86

يۇرتۋازلىق ھېچكىمگە بەرمەس پايدا ـ قۇت،
ھېسابسىز تالاپەت كۆرەر ئۇندىن يۇرت.
بۇ ھەقتە بەكمۇ كۆپ ئاچچىق ساۋاقلار:
تۇۋرۇكنى ئىچىدىن يەپ يىقىتار قۇرت.

87

خىلمۇ خىل قىسمەتكە دۇچ قىلغاي ھايات،
گاھىدا سەيدىسەن، گاھىدا سەييات.
جاھاندا كىم بىر خىل، مەڭگۈ ياشايدۇ،
قېنى ئۇ قۇدرەتلىك چىڭگىز، كەيقۇبات؟

88

شائىرسەن، ئۆيدىن چىق، قىلغىن ساياھەت،
باغ ئەمەس چۆلدىمۇ سۆيگۈ ـ ھارارەت.
يۇرت كېزىپ، زىيارەت قىل ئۇلۇغلارنى،
ئىلھامىڭ، ئىجادىڭ تاپقاي بالاغەت.

89

ئۇستۇڭدە قارىغاي، كۆكىڭدە بۇلۇت،
ۋاداڭدا ئارسلان، چوققاڭدا بۇركۇت.
تەڭرىتاغ، ياشىدىڭ سالماستىن داۋراڭ،
چۇشەندىم ئۇلۇغلۇق ئىكەنىغۇ سۇكۇت.

90

قەشقەرگە زەپمۇ ماس «ئەزىزانە» ئات،
ئەزىزدۇر قامۇسى، داغ ـ غۇباردىن يات.
ئەمگەكچان، چېۋەر قول، شادىمان خەلقى،
باغچە بار قەيەردە بۇنچىلىك ئاۋات؟

www.uyghurkitap.com

91

سودىغا كىرىشتىڭ ياخشىدۇر پۇرسەت،
باي بولۇپ زاۋۇت قۇر، كۆرسىتىپ جۈرئەت.
ئۇنتۇما، تاپالماس ھەقىقىي كامال،
سانائەت، ئىرپانسىز سودىگەر مىللەت.

92

قانۇنلار تۇراقسىز بولغاچ ناھايەت،
ئاقلاندى تارىختا نۇرغۇن جىنايەت.
ۋە لېكىن ئاقلانماس ئەيىبتۇر مەڭگۈ،
مىللەتكە خائىنلىق، ئەلگە خىيانەت.

93

بولسىمۇ ئىلكىڭدە ھوقۇق، سائادەت،
بولمىسا دىلىڭدا ئىنساپ، دىيانەت.
يانار تاغ ئۈستىدە دېگىن تەختىڭنى،
كەلتۈرەر بۇ ۋولقان ساڭا ھالاكەت.

94

بىھۇدە بىر سۆزدىن ئاخىرقى قىسمەت:
كاللاڭدىن جۇداسەن، يا مەھكۇم ئەبەد.
شاھ ئالار بىر ئەلنى، شائىر يۈز ئەلنى.
تىغدىنمۇ ئۆتكۈردۇر تىلدىكى قۇدرەت.

95

سورىدىم: قوپىدۇ قاچان قىيامەت؟،
ئۇ دېدى: تۈگىسە ئىنساپ، دىيانەت.
يۈرىكىم ئازابتا باقتىم جاھانغا:
يامراپتۇ تەلۋىلىك، شۇملۇق، خىيانەت.

96

بار ئىدى نەۋقىران داڭلىق مۇزىكانت،
غادايدى، بىنەرەر قالدى ئۇ گىگانت.
مەن دېدىم: بول كەمتەر، بولمىسا ئەل-يۇرت،
قەيەردىن كېلەتتى ساڭا بۇ تالانت؟!

97

ھېچكىشى جاھاندا قالمايدۇ ئەبەد،
قالىدۇ يادىكار تۆھپە، پەزىلەت.
كۈن پاتسا، چاقنايدۇ ئايدا زىياسى،
ياشىغىن ئەي ئوغۇل، شۇ قۇياش سۈپەت.

98

خىزىرغا يولۇقتۇم، بولدۇم بەكمۇ شاد،
تىلىدىم بىر تامچە سۇ - ئابىھايات.
ئۇ دېدى: ياشايسەن ئىچمەيدۇ ئۇنى،
ئەمگىكىڭ ئۆلمىسە، مەڭگۈ بەر ھايات.

99

بۇ دانا ھېكمىتى، قۇلىقىڭدا تۇت.
ئىنسانىي ھاياتتا باردۇر ئىككى سوت.
تارتىلماي دېسەڭ گەر قانۇن سوتىغا،
ۋىجدانىڭ سوتىدىن ئۆزۈڭ پات-پات ئۆت.

100

ئىنسانغا چىن دوستلۇق ئالىي مۇكاپات،
ئۇ روھىي ئوزۇقتۇر، ئۇچۇشقا قانات.
چىن دوستى بولمىغان بىتەلەيلەرگە،
مەنىسىز، ئازابلىق بىگانە ھايات...

101

دانالار تىلىدىن ئاڭلىدىم ئۇگۇت:
جاھاندىن زارلانما، ھالال ياشاپ ئۆت.
دۇچ كەلسەڭ بىھۇدە تۆھمەت، ھەسەتكە،
ئەڭ ياخشى جاۋابتۇر نەپرەتلىك سۈكۈت.

102

خاس ھاجىپ ئېيتتىكى: «بىلىم ــ سائادەت،
ئۇلۇسقا نادانلىق كەلتۈرەر ئاپەت»
تارىخنى ۋاراقلا، جىمى كۈلپەتكە،
يىلتىزدۇر، مەنبەدۇر نىزا، جاھالەت...

103

تەرتىپكە موھتاجدۇر تەبىئەت، ھايات،
يوق مۇتلەق ھۆر-ئەركىن ئادەم، ھايۋانات.
قاتىلنىڭ ھۆرلۈكى ــ خەلققە ماتەم،
تۇگەيتتى قوي، بولسا بۆرىدە قانات.

104

نازۇكلۇق، چۈشكۈنلۈك كەلتۈرەر كۈلپەت،
بول ئۈمىد، خۇشاللىق، ئىشەنچكە ئۈلپەت.
ئايازنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ باھار،
قايغۇنى يېڭىشمۇ پالۋانچە خىسلەت.

105

بەزىلەر ئۆتكۈزسە مىڭ بىر جىنايەت،
قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭەر ئالامەت.
ھەيرانمەن، ئەدىبتىن ئۆتسە سەۋەنلىك،
قوپىدۇ پىتنىدىن غوۋغا ــ قىيامەت.

106

هەرقانچە كۆرستىپ ئەقىدە ھۆرمەت،
بىلىمسىز نادانىدىن كۆرمىدىم شەپقەت.
سورىسام قاۋاقتا، ئېيتتىكى ھەييام:
«مەي بىلەن غەملەرنى ھەيدىگىن، يوق ئەت!»[1]

107

بەتبەشەر بولسىمۇ چېھرىلىك ئالامەت،
مەنسەپكە ئېرىشتىلىك، قارىغۇدۇر ئامەت.
تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتمە غادىيىپ،
ئادەمگە مەنمەنلىك كەلتۈرەر ئاپەت.

108

مۇئەللىم ئەجىرسىز ئەل تاپماس راۋاج،
پۇقراسى بولىدۇ ئۆكتەم، نادان، كاج.
بولسىمۇ يولۋاستەك، تۆگىدەك بەستى،
قۇل بولار ئۆزگىگە، كىيەلمەس زەر تاج.

109

سودىدا باي بولۇپ قىلىپ كەلدىلىك ھەج،
ئوغلۇڭچۇ، بىلىمسىز ئۆكتەم ۋە بەتخەج.
مەكتەپكە بەرمىدىلىك، باھانەڭ كۈرمىلىك،
تەييارلان بىر ئۆمۈر تارتىشقا ھەرەج.

---

[1] بۇ مىسرا ئۆمەر ھەييامنىڭ

110

باي بولۇپ، قىلساڭمۇ ئالتۇننى خىراج،
گىدەيمە، بولمىغىن ھاكاۋۇر ۋە كاج.
بۈگۈن سەن كەمستىپ يۈرگىنىڭ بىلەن،
كېلىدۇ بىر كۈنى چۈشكەي ئېھتىياج.

111

ئەقىلدىن، تەدبىردىن تېپىپ يول - ئىلاج،
خان بولۇپ، بېشىڭغا كىيسەڭمۇ زەر تاج.
لەنەتتىن قۇتۇلماس جىسمىڭ ۋە روھىڭ،
تاپمىسا دەۋرىڭدە ئەل، مىللەت راۋاج.

112

ئۆمرۈڭدە بار سۈبھى، چۈش، پېشىن ۋە كەچ،
شاد-خۇرام ياشىغىن، تەشۋىش-غەمدىن كەچ.
خاكىڭدىن ئادەملەر خىش پىشۇرغىچە،
شاراب ئىچ، يۇرت ئاتلا، دېڭىزلارنى كەچ.

113

نامراتسەن، تەمەدىن، يالقاۋلىقتىن قاچ،
بولمىسا قالىسەن مەڭگۈ يىلىڭ، ئاچ.
ئەقىل ۋە مېھنەتتۇر بەختكە ئۇرۇق،
ئال، ئۇنى ھاياتىڭ ئېتىزىغا چاچ.

114

تۇرمۇشتا كېلىمەن مۇنداق ئىشقا دۇچ،
نادانلار ساقچىغا، سودىيەگە ئۆچ.
ئۇيلايمەن خاتىرجەم-تىنچ ھايات نەدە.
بولمىسا خەلقنىڭ قولىدا بۇ كۈچ.

115

گۈلباھار ئەيىامى كۆكەردى دەرەخ.
باغدا يار، مەي-غىزا، سازلار بولدى تەخ.
بەزمە قىل، ئۇيلىما نېسى جەننەتنى،
بۇ بېھش ئەمەسمۇ سېنىڭ ئۈچۈن نەخ.

116

«ئىشقتىن قول ئۈزگىن» دېدى ماڭا شەيخ،
بۇ سۆزدىن سانجىلدى يۈرىكىمگە زىخ.
بىلىسدى ئۇ نادان سۆيگۈ قەدرىنى،
قىلاتتى سۆزىگە مىڭ پۇشايمان -دەرىخ.

117

ئادەملەر گاھ سەيد، گاھىدا سەيياد،
گاھ بەزمە قىزىتار، گاھ چېكەر پەرياد.
ئاقىۋەت غالىبمۇ، مەغلۇپمۇ ھامان،
ئەجەلنىڭ ئوقىدا بولاركەن بەربات.

118

توغراقلار ئورنىدا كۆكلەيدۇ شەمشاد،
كېتىدۇ قىبرىلار، كېلىدۇ ئەۋلاد.
دۇنيادا ئەبەدىي ئۆلمەس نەرسە بار،
ئۇ — سۆيگۈ-مۇھەببەت، مەردلىك ۋە ئىجاد.

119

ئادەملىك بەلگىسى غايە، ئېتىقاد،
ئېتىقاد مېۋىسى تۆھپە ۋە ئىجاد.
ئۇستازلار كۆرسەتكەن پەلەمپەي بىلەن،
چوققىغا چىققانلار تاپىدۇ نىجات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

120

ئۇۋلىغاچ بەختىمنى بىرەھىم سەييياد،
بولالماي ئەركىمدە، غەمناكتۇرمەن، داد!
زىمىندىن سەييادلار يوقالغان كۈنى،
نەزمەمنى ئوقۇڭ ـ دە ئەيلەڭ مېنى ياد.

121

دوست بولدى قىرانلىق دەۋرىمگە ئىجاد.
ئەمەسمەن ۋەلېكىن هازىر ئانچە شاد.
ئۆندۈرگەن ئىكەنغۇ ئۇ چاغ ئىزىمدىن،
گاھىدا ئازغاننى قارىغۇ ئېتىقاد.

122

تەڭرىتاغ، ئىدىغۇ خەلقىڭ پاك خىزىر،
ئەل سۆيەر، مەرد ئىدى بولسىمۇ يېسىر.
كۆردۈڭمۇ ئەمدىكى دۆت ـ نادانلىقنى:
نەسلىڭگە پۇل خاقان، ئىمتىياز ۋەزىر.

123

نەزەر سال تەڭرىتاغ باغرىغا شائىر،
گۈل، سۆيگۈ شېئىرىنىڭ پەيتىمۇ هازىر.
يامرىسا مىللەتتە غەپلەت، ئاق ۋابا،
سەن نېمە خىيالدا، نېمىگە قادىر؟

124

قۇملار بارخان ياسار، سىكۇنتلار ئەسىر،
ۋاقىت ئالتۇن خىشتۇر، ئۆمرۈڭ زەر قەسىر.
ئەي ئىنسان، ئالدىرا خۇشال ياشاشقا،
بولۇشتىن ئىلگىرى لەھەتكە ئەسىر.

125

ياشلىق ــ ئوت، ئاتەشكە تولغان يۈرەكتۇر،
يالقۇنجار جاسارەت، غايە، تەپەككۇر.
پەن ـ ئىجاد يولىغا سەرپ ئەتسەڭ گەر،
ئەل، تارىخ ئېيتقۇسى ساڭا تەشەككۇر .

126

ئەدىب پۇل، شۆھرەتنى كۆزلىسە ئەگەر،
بولاتتى مەنسەپدار ياكى سودىگەر.
كەمستمە نامرات دەپ، ئۇلۇغ بىل شاھتىن،
مىللەتنىڭ بايلىقى ــ ئۇ قازغان گۆھەر.

127

بولۇپسەن ئەي غاپىل، ئىنكارغا دۇچار،
بەك كونا بولسىلا بولامدۇ ناچار؟
ياتسمۇ توپىدا مىڭ يىل كونا زەر،
يەنىلا ئادەملەر تەر تۆكۈپ ئاچار.

128

سورۇندا ماختاندى بىر دوست ـ بۇرادەر،
ئۇ ئەمەس يا تالانت، يا مەرد ـ دىلاۋەر.
مەن دېدىم: ماختىنىش كەلتۈرمەس ئابرۇي،
بولمىسۇن قىممىتىڭ نۆلگە باراۋەر.

129

شېئىرىيەت ــ زۆھرەدۇر، غەزەلخان ــ تاھىر،
چىن ئاشىق كۈيچىلەر نۇسرەتكە قادىر.
ئەجرىدە نەزمىدىن تىكلەيدۇ ھەيكەل،
خەلقنى بىر ئۆمۈر كۈيلىگەن شائىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

130

زوھۇرىدىن ھېكىمدىن ئىناق[1]قا قەدەر،
قەشقەردە ئۆتتى كۆپ دانىشمەن سەرۋەر.
مىليونلاپ قەلبتە ياشاركەن مەڭگۈ،
سەنئەتنى، ئىرپاننى قوللىغان رەھبەر.

131

ھاياتلىق چېغىڭدا چۈشەنسەڭ ئەگەر،
يەر—ئانا، يەر—ۋەتەن، يەر—سېخىي دىلبەر.
گۈللەتكىن سەن ئۇنى. قىلما نارازى،
بېرىدۇ مۇھەببەت، سۈت، ئوزۇق، گۆھەر.

132

ئۆزۈڭنى سۆيدۈڭ، بولدۇڭ يېرىم ئەر،
قوغدىغىن ئۆزگىنى، بېپىساڭ بەر زەر.
قالامسەن زىياندىن خالىي خاتىرجەم،
قوشناڭنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسە ئەگەر.

133

تۈنلەردىن قورقمايمەن ئاي ۋە يۇلتۇز بار،
قولدا مەي، قېشىمدا قېشى قۇندۇز بار.
دانالار ئېيتقانغۇ: «نائۈمىد شەيتان»
كېچە بار زېمىندا پارلاق كۈندۈز بار.

---

[1] ئىناق—قەشقەرنىڭ سابىق ۋالىسى، شائىر قاسىمجان قەمبىرى

134

ئۇ دېدى: «تۈنۈگۈن دەۋرمە تەكرار،
تاپتۇققۇ بۈگۈندىن ئىقباللىق باھار.»
مەن دېدىم: بولمىسا تۈنۈگۈنكى جەڭ،
قونامتى قولۇڭغا قۇت ناملىق شۇڭقار.

135

تىرىكسەن، بول ھەممە قىسمەتكە تەييار،
ياشايسەن گاھ دەردلىك، گاھى بەختىيار.
ئەقلىنىڭ كۆزىدە تەبىئەتكە باق،
گاھ جۇتلۇق زىمىستان، گاھ گۈلگۈن باھار.

136

ئۈرۈمچى يا قەشقەر، ئىلى يا لوپنۇر،
ئويغىتار قەلبىمدە مۇھەببەت، غۇرۇر.
«لىق، لىك»تىن سۆز ئاچما، سورىساڭ «كىم» دەپ،
تەڭرىتاغ ئوغلىمەن، مىللىتىم ئۇيغۇر.

137

ھاياتتا دەرد-ئەلەم ئاز ئەمەس ئاخىر،
«چىدىساڭ ياشىغىن» دەپتۇ بىر شائىر.
ۋايىسماي ئىجاد ئەت، ئىجتىھات كۆرسەت،
سەن تېخى ئىشلەشكە، ياشاشقا قادىر.

138

قاۋاقتا زورلاشتا ئېغىر خاتا بار،
كۆپ ئىچسەڭ جىسمىڭغا ئازاب-جاپا بار.
گۈل يۈزلۈك مەھبۇبە تۇتقان شاراپتا،
قۇت-ۋىسال شادلىقى، سۆيگۈ-ۋاپا بار.

139

ۋەتەننى سۆيگەندە ئىنساپ، ئىمان بار،
ئۇنىڭدا ئەل غېمى، غايە، ۋىجدان بار.
نەپ، مەنسەپ، پۇل ئۈچۈن ياشىغان كىشى
ئادەممۇ، ئىبلىسمۇ؟ شەك ۋە گۇمان بار.

140

ئويلىما «مەن ئاقىل، ھەممىگە ماھىر،»
ئەمەستۇر نۇرغۇن سىر ئالدىڭدا زاھىر.
قانچە كۆپ ئۆگەنسەڭ پىر، ئۇستاز تۇتۇپ،
بولىسەن شۇنچە كۆپ نەرسىگە قادىر.

141

سەبىي قەلب ــ نۇر، سۇغا تەشنا ئېكىن يەر،
ئۆلىدۇ سۇ، نۇرسىز قالسا ئۇ ئەگەر.
مۇئەللىم ــ شۇ سەبىي قەلبكە يامغۇر،
تەلىمى قۇياشتەك ئىللىق، مۇنەۋۋەر.

142

بوۋىلار غەپلەتكە بولغاچقا ئەسىر،
چۆل بولدى تارىمدا شەھەر، باغ، قەسىر.
تەبىئەت ۋە ئەجداد خاتالىقىنىڭ،
دەردىنى ئەۋلادلار تارتتى كۆپ ئەسىر.

143

بىپايان دىيار بۇ، دىلدىن سۆيىمىز،
كۆپ سەرخىل مېۋىمىز، بالدەك سۈيىمىز.
يۇرتىمىز ئالتۇندەك تۇپراققا دەسسەپ،
ئۆزگىگە تەڭ بولار قاچان بويىمىز؟

144

هاكىمسەن، قولاق سال، خاتىرەڭگە ياز:
ئىلكىڭدە ئەل يۈكى، ھوقۇق، ئىمتىياز.
ئەل ئۈچۈن كۆنىگە قىل بىر ياخشى ئىش،
يادىڭدىن چىقمىسۇن مەكتەپ ۋە ئۇستاز.

145

ئۆز نەسلىم ئالدىدا بۇرنۇم بەك ئېگىز،
سۈرلۈكمەن، قەھرلىك سانجىيمەن بىگىز.
مەنسىپىم ـ ئامىتىم، تۇيۇلماس خورلۇق،
ئۆزگىلەر ئاستىدا بولسامۇ كىگىز.

146

قارىغاي، ئارچىلار يېشىل قىشمۇ ياز،
تاۋلىغاچ قارلىق تاغ، جۇدۇن ـ جۇت ئاياز.
قارىسام پۈكۈلمەس قامەت ـ بەستىگە،
ئېسىمگە كېلىدۇ مۇئەللىم ئۇستاز.

147

بۇ جاھان تالانتقا، ھېكمەتكە دېڭىز،
غەيرىينى پەس دېمە، ئۆزۈڭنى ئېگىز.
نەزمەمدە بار ئورنۇڭ، ۋەزنىڭ، قولاق سال:
«ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا بىگىز.»

148

تۇغۇلدۇق، ياشىدۇق، بىر كۈن كېتىمىز،
ۋاپاسىز دۇنيانى تالاق ئېتىمىز.
تۇغۇمنىڭ، ئۆلۈمنىڭ ھېكمىتى نەدە،
بۇ سىرنىڭ تەكتىگە قاچان يېتىمىز؟

149

گاھ ئورۇق، بىمار بىز، گاھ تىمەن ، سېمىز،
ياشاشتا، ئۆلۈشتە يوقتۇر ئەركىمىز.
مەي ئىچمەي يۈرسەكمۇ يەنە مەست، بىخۇد ،
مەستلەردىن، ئۆلۈكتىن نىمە پەرقىمىز؟

150

ئەي پەرى، قىلمىغىن ئارتۇقچە پەرداز،
يېتەرلىك سىنىڭدە چىراي، خۇلقۇ ناز.
كۆرگەزمە بولغۇچە توزدەك ياسىنىپ،
بۈركۈت بول يۈكسەكتە قىلغۇچى پەرۋاز.

151

تۇغۇلدى، «تۆت پۈت»تا ئۆملىدى تىز،
ماڭدى ۋە قالدۇردى ئاياغدىن ئىز.
ئۈچقاندەك ئۆتتى ۋاقىت، تاپقىچە ئەقىل،
ئۈچ پۇتلۇق مومايغا ئايلاندى شۇ قىز.

152

ئۈمىدلىك، جەسۇر بول ئەي قېشى قۇندۇز،
كېچىنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ كۈندۈز.
باھارنى توسۇشقا ئامالسىزدۇر قىش،
ئايەمگە جابدۇنغىن كەلمەكتە نورۇز.

153

ئايال بىر قامۇستۇر، ئوقۇساڭ پۈتمەس،
گۈزەللىك، پاكلىقتا ھېچنەرسە يەتمەس.
باتۇرنىڭ جەڭدىكى پىداكارلىقى،
ئانىلىق جاسارەت ئالدىغا ئۆتمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

154

ئۆيات ۋە ھايادۇر ئىنسانغىلا خاس،
ئۇ گويا ياراشقان چىرايلىق لىباس.
كىيىمدىن ئايرىلىپ كوچىدا قالغان،
ئايالنى، ئەركەكنى قىلغىنا قىياس.

155

زارلاندىڭ: «ئىجادقا كەلدى كرىزىس،
قىلماقنا پۇل، بازار ئەدىبكە خىرىس.»
قورقامدۇ خىرىستىن قەيسەر ئىجادكار،
جىلىڭ ئالتۇن قايسى چاغ بولۇپ قالغان مىس؟

156

قىسمەتنى بولمايدۇ ئەتكىلى قىياس،
قۇت-ئامەت يۈرەكلىك ئادەملەرگە خاس.
چاڭقىساڭ سۈيۈپ تۇر قەدەھ لىۋىنى،
ھاياتتا مەردانە ئۆرلە، ئالغا باس.

157

ئىنساننىڭ جېنىدۇر مىسالى بىر قۇش،
گاھ قەپەس-ئۇۋىدا، گاھى ئەركىن، بوش.
پەلەكقۇ ۋاپاسىز، جانمۇ بىۋاپا،
كېتەردە بەدەنگە دېمەس ئەسلا «خوش!»

158

خاتادۇر مەيخورنى، ھەييامنى سۆكۈش،
خاتادۇر نامازخان-ئىمامنى سۆكۈش.
ئېتىقاد، يول-رىزقى بۆلەك ھەركىمنىڭ،
خوپ ئەمەس گۇناھسىز ئىنساننى سۆكۈش.

159

سەن ئىدىڭ ئەسلىدە سەبىي پەرسىز قۇش،
بەردى پەن بۆشۈكى قانات، ئەقىل-ھوش .
ئۇنتۇما ئەۋلادنى، مەكتەپ، ئۇستازنى،
باي بولۇپ كەلگەندە ساڭا ئەمەت قوش.

160

ئادەملەر ئەسلىدە باراۋەر، قاياش،
ئەمەستۇر بىرى خەس، بىرى ئاي، قۇياش.
بۇزۇلسا نىيىتى ئىمتىيازلىقنىڭ،
ئەۋج ئالار تەڭسىزلىك، رىيا، كۆز بوياش.

161

مۇمكىنمۇ مىللەت بىر يۇرتتىلا ياشاش،
ھەر ياقتا بىز، ئەمما قەلبىمىز تۇتاش.
نەسلىمىز، قېنىمىز بىر ئىدى، ئەپسۇس،
يامرىدى ۋابادەك يەكلەش ۋە قاساش؟

162

«ئادەم ئەڭ قەدىرلىك» ـ بۇ كونا قاراش،
ھەقىقىي قىممەتلىك ـ مەنىلىك ياشاش.
بولمىسا نۇر چاچار خىسلەت-تۆھپىسى،
زېمىننىڭ ئالدىدا مىس تىيىن قۇياش.

163

دەرياغا يارىشار شاۋقۇن، شارقىراش،
يۇلتۇزغا تەئەللۇق چاقناش، پارقىراش.
چۆل كەبى سۈكۈتتە ھۆرمەت، ئۇلۇغلۇق،
ئىنسانغا ياراشماس ھەيۋە، ۋارقىراش.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

164

ئايالمۇ ئىنساندۇر ئەرلەرگە ئوخشاش،
جىنايەت ـ ئايالنى كەمسىتىش، خورلاش.
ئۇلارسىز ئۆي ـ لەھەت، ھايات ـ زىمىستان،
ئايالدۇر ئەر ئۈچۈن ئەڭ سىخىي قۇياش.

165

چۈشۈمدە پەيغەمبەر ئۇلۇغ شەمسىۋەش،
دېدى:«ھەي ئۈممىتىم، كۆڭلۈم مېنىڭ غەش.»
ھەج تاۋاپ ئورنىنى ئالدى پۇل تېپىش،
ھاجى دەپ ئاتىما، ئۇلار ھايانكەش.

166

ئۆمۈردە ۋاپا يوق، يىللاردا توختاش،
كار قىلماس ئۇنىڭغا قارغاش ۋە ماختاش.
ئەجرىڭدە باقىي قىل ئۇنى، ئەي ئىنسان،
يېنىپلا، ئۆچمەستىن چاقماققا ئوخشاش.

167

باھاردىن پەيزى ئال، يىراق تېخى قىش،
كەلمىگەن ئاپەتتىن يېمىگىن تەشۋىش.
بىھۇدە قايغۇرما، ئادەمدەك ياشا،
ئۈمىدۋار كىشىگە بۇ ئالەم بېھىش.

168

زەردارسەن، سېخىيسەن ھاتەمگە ئوخشاش،
بېرىسەن، ئالمايسەن، گويا سەن قۇياش.
ئەي خەلقىم، تۈگىسە يۇرتۋازلىق ئىللەت،
بولاتتىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، ئۇيۇلتاش.

169

ئادەمنىڭ ئۆمرىنى دېسەك بىر چىراغ،
ئەمگەكتۇر چىراغقا تولدۇرغۇچى ياغ.
ياشلىقنى، ئۆمۈرنى ئۇزارتىپ ئەمگەك،
ئاق بەتنى، ئاق يەرنى قىلغان سۈلماس باغ.

170

مەۋجۇدات ئىچىدە ئىنسان ئەڭ ئۇلۇغ،
ئىنسانغا ئېتىقاد، ۋىجدان ئەڭ ئۇلۇغ.
قاناتسىز قۇش گويا بىلىمسىز ئادەم،
ۋىجدانلىق كىشىگە ئىرپان ئەڭ ئۇلۇغ.

171

ئۆمۈر ـ شام، ئۆچىدۇ قىلسا ئەجەل «پۈف»،
كار قىلماس سەكراتتا ئاگا ئايەت، «سۈف».
ھاياتسەن، مەرىپەت ئۆيىنى يورۇت،
بولمىسا مۇرداڭغا خەلقىڭ دېگەي «تۈف».

172

ئەسلىڭنى ئۇنۇتتۇڭ ئەي ساھىب ھوقۇق،
چوپانلىق خىسلىتى بۈگۈن سەندە يوق.
خەتەرلىك سىرتماقتۇر جامائەت پىكرى،
تەگرىدىن قورقمساڭ. ئەل ۋە يۇرتتىن قورق.

173

ئەمەستۇر خوي-پەيلىڭ بىر خىل، تۇراقلىق.
ياخشىدۇر سېنىڭدىن ماگا يىراقلىق.
كۆزۈڭگە ئىلمايسەن دوستۇم دەپ تۇرۇپ،
تەڭلىك يوق دوستلۇقتا بولماس ئىناقلىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى

174

ئەمەلدار بول ياكى قىلغىن ساقچىلىق،
ئەل-يۇرتنى قوغدىغىن، قىلما ساختىلىق.
بولمايسەن ھاياتتا زەبۇن ۋە موھتاج ،
خىزمىتىڭ خەلققە بولسا ياخشىلىق.

175

ھاياتنى تۇراقلىق دېيىش نادانلىق،
ئالمىشار بەخت-ئاپەت، قايغۇ-خۇشاللىق.
ئىلگىرى قەرزدىن مۈكچەيگەن قوشنام،
كارخانا ئىگىسى بۈگۈن پۇل-ماللىق.

176

بەخت بېرەر سىپاھقا شەپقەت، ئادىللىق،
ئالىم ۋە پۇقراغا ئەمگەك، دادىللىق.
ئەل ئارا قۇرۇق سۆز سوپىدىن كۆرە،
تۇغۇمچى مېكىيانغا كۆپرەك قايىللىق.

177

تەمسىل بار: بىلمىگەچ ناخشىنى قۇمچاق[1]
دەر ئىمىش بۇلبۇلنى ۋات-ۋات، ماختانچاق.
ئەي نادان، شائىرنى سۆكمە ئالدىراپ،
باھا ۋە ھۆكۈملەر ئەمەستۇر چاقچاق.

---

[1] قۇمچاق ـ پاقا (يەرلىك شىۋە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

178

مويسىپىت چېھرىدە دائىم خۇشاللىق،
كۆرمىدىم ھېچقاچان قايغۇ-مالاللىق.
سورىدىم سىرىنى، بىلدۈردى بوۋاي:
«بەختىمنىڭ يىلتىزى ئەمگەك، ھالاللىق.»

179

پەن-بىلىم بىلەيدۇر، ئەقىل-تىغ، پىچاق،
بىلەيسىز پىچاقنى دات باسار ھەرۋاق.
بىلىمسىز ئاتىنىڭ نۇرسىز قىسمىتى،
ئەمەسمۇ ئەقىللىق ئوغۇلغا ساۋاق.

180

ئەرباب يوق ئۇستازدەك يۈكسەك باھالىق،
«ئون قەدەم نېرىدىن سالامغا لايىق.»
مۇشۇنداق دەيمىزۇ، كۆپ چاغدا ئاگا،
بولمايدۇ قۇت، بايلىق نېمىشقا تالىق؟

181

يوق ئەل-يۇرت ھىجرىدىن ئارتۇق جۇدالىق،
غۇرۇرۇم — ۋەتەنگە سادىق پۇقرالىق.
شائىرلىق مەرتىۋەم شاھلىقتىن ئەلا،
بەختىم ۋە جەننىتىم ئىككى دۇنيالىق.

182

پەيغەمبەر يۈسۈپتۇر ئەسلى كەنئانلىق،
مىسىردا ئۇنىڭغا تەگدى سۇلتانلىق.
بىلەمسەن، تەخت تاجى، بايلىقى تۇرۇپ،
نېمىشقا ھاياتى ئۆتتى پىغانلىق؟

183

ئاشىقسەن، يەتمىدىڭ ۋىسالىغا بىراق،
ئازابلىق ھەم شېرىن ھىجران، ئىشتىياق.
سەپەرنى داۋام ئەت، كۆتەر مەشۇقۇڭ،
دەيدىغۇ «كۆرۈنگەن تاغ ئەمەس يىراق.»

184

قولۇڭدا باشلىقىڭ ئەۋەتكەن باغاق،
شەرەپ، ياق يۈرەكنى تىلغۇچى تارغاق .
بۇنداقتىن بەشىلا كەلسە بىر ئايدا،
باللىرىڭ ئاچ قېلىپ، بولىسەن ياغاق.

185

ئاشىقسەن، قەلبىڭدە قاينار ئىشتىياق،
سۆيگۈدە ۋىسالدىن كۆپتۇر دەرد ـ پىراق.
قاقشىما ئۇزۇن دەپ ھىجران تۈننى،
مۇرادىڭ تاڭلىرى ئەمەستۇر يىراق.

186

قۇياش ھەر سۇبھىگە ئاچقاندا يوپۇق،
تىلەرمىش ئىنسانغا پەزىلەت، ئۇتۇق.
ئەمەسمۇ گۇناھتىن، غەپلەتتىن نىشان،
ھەر كەچتە زۇلمەتتەك قارايغان ئۇپۇق؟

187

بۇ ھايات گاھ زەھەر، گاھ بالدەك تاتلىق،
يوقسۇلدا غەم ـ قايغۇ، پۇلداردا شادلىق.
ئاھ، قانداق ياخشىدى ھەمكارلىق گۈللەپ،
چۆشەنسە پىيادە دەردىنى ئاتلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

188

قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل ھەم لەيلىقازاق،
ياشايدۇ بىر باغدا قىلىشماس مازاق.
ئەجداد بىر، ئورتاقتۇر تارىخىي قىسمەت،
مەيلى سەن ئۇيغۇر بول، يا ئۆزبېك، قازاق.

189

موھتاجدۇر ھۆرلۈككە جىمى ھاياتلىق،
مەيلى ئۇ ئادەمزات ياكى قاناتلىق.
ئەجدادلار، شېھىتلەر قەبرىسى شاھىت،
بەدەلسىز كەلمەيدۇ بەخت، نىجاتلىق.

190

شارابقا بىز ئۇلپەت بولۇپ ياشىدۇق،
گاھىدا شاد ئۆتسەك، گاھى قاقشىدۇق.
بەزمىدە دوستلارنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ،
ئەتىسى پىتنىدىن قەبرە ياسىدۇق.

191

سەن ئىشان، بىز مەيخور، بىلەر خالايىق،
بىز يوقسۇل، سەن غەنى مەنسەپكە لايىق.
كىم دوزاخ بەندىسى، كىملەر جەننەتى؟
بۇ ھۆكۈم سەن ئەمەس تەڭرىگە تالىق.

192

بىلىمسىز، ئەمگەكسىز گۈزەل دۇنيا يوق،
ئەۋلادقا ئۇستازدىن ئارتۇق پاناھ يوق.
ئاتا ھەم ئانىنى، ئوقۇتقۇچىنى،
كەمسىتىش، خورلاشتىن ئېغىر گۇناھ يوق.

193

هازىرمۇ سەپتە مەن . يەتمىدى هاردۇق،
ئۇستازلىق ئۆمرۈمگە ئەك ئالىي تارتۇق.
ئوتتۇز يىل مۇئەللىم بولغانلىقىمنى،
كۆرىمەن هېلىمۇ شاھلىقتىن ئارتۇق.

194

مۇئەللىم قولىدا بىلىم، دانالىق،
تەلىمى بايلىقتۇر بارچىغا تالىق.
مەكتەپ ۋە مۇئەللىم نامرات مىللەتتە،
بولمىغاي كامالەت، ئەقلى بەرنالىق.

195

گۈل ئۈچۈن شاھ تاجى يىلتىز ۋە ياپراق،
جۇدۇندىن قوغدايدۇ دەرەخنى قوۋزاق.
رازى قىل خەلقىڭنى، ئاتا ـ ئاناڭنى،
ئۇ يىلتىز، ئۇ قوۋزاق، ئۇ ساڭا تۇپراق.

196

دېۋىدىم مەسچىتتە تۇرسام باشتىراق.
پەرىشتە نوقۇدى: «سۆزلە ئاستىراق.
تاماخور نامازخان سوپىدىن كۆرە،
بىتەمە بىناماز مەيخور ياخشىراق.»

197

قىلمىدىم مەن ساڭا قىلچە يامانلىق،
نېمىشقا بەرمەيسەن ماڭا ئامانلىق.
كۈتىمەن، قۇتراشتىن توختايسەن بىر كۈن.
موزاينىڭ مەنزىلى ئەسكى سامانلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

198

ساڭا كۆز تەگمىسۇن بۇزرۇكۋار توغراق،
يىتمىسۇن ئالدىڭدىن كارۋان – قوڭغۇراق.
شاھىد بول تارىخقا، بۈگۈن، ئەتىگە،
ئەۋلادىڭ ياشىسۇن سەندىن ياخشىراق.

199

ھاياتتا تىنچ-ئىناق ياشىماق تەستەك،
قىلىپسەن ھەسەت ۋە تۆھمەتنى دەستەك.
غەيۋەتتە قەلبىمنى تىرناقلىغىچە،
رازىمەن، ئالدىمدا سالساڭمۇ تەستەك.

200

تۇرمۇش بەك مۇرەككەپ، بول ھوشيار ، ئەسلىك،
بىخۇدنى، ئاچكۆزنى باسىدۇ نەسلىك.
بەختىنى ئىزدىمەي ئومۇم ئىچىدىن،
«مەن» ئۈچۈن ياشىماق ھايۋانلىق، پەسلىك.

201

دوستلارنىڭ ۋۇجۇدى بىر تۇتاش كەڭلىك،
ئۇنىڭدا يوق قاشا، ساختىلىق-ئەگلىك.
ئەمەلدار ۋە پۇقرا باراۋەر، ئوخشاش،
دوست دېمە، ئارىدا بولمىسا تەڭلىك.

202

ئەدىبكە يات سۆلھى، يات لايغەزەللىك،
ئىللەتنى سۆككەچكە چاقنار گۈزەللىك.
كۆيۈنۈپ ئەيىبلەش ئانىلىق خىسلەت،
پاك، ساغلام مىللەتتە بەخت، ئىسەنلىك.

203

يەر دېدى: «مەن ساڭا باي ئانا بۆشۈك،
تەگمەكتە بايلىقىم، بەختىمگە ئۈششۈك.
بولمامدۇ ئەۋلادىڭ ئەركىسىز سائىل،
قوغدىماي باغرىمنى ئەيلىسەڭ تۆشۈك؟»

204

بۇ دۇنيا ئىنسانغا بىر ئالتۇن بۆشۈك،
هاياتتا گاھ باھار، گاھ جۇدۇن-ئۈششۈك.
ياخشىلار تۆھپە ۋە ئالقىش تەختىدە،
نىيىتى يامانىنىڭ قازنىنى تۆشۈك.

205

دېگەندەك قۇياشنى تۇندىمۇ نۇر تۆك،
يۈكلىدۇق ئۇستازغا كۆتەرگۈسىز يۈك.
بولامتى بىر ئۆمۈر غۇربەتتە ياشاپ،
قالدۇرسا ئەۋلادقا تۆھپە، ئىزگۈلۈك؟

206

قىلمىدىڭ ئەمگەك ۋە بىلىمنى يۆلەك،
تېۋىندىڭ، ھېچنەرسە بەرمىدى پەلەك.
ئۆچۈردى ھەرياققا غۇربەت بورانى،
ئادەممۇ سەن ياكى يېپى يوق لەگلەك؟

207

ئىنسانغا پەن، ئەقىل، ئىرادە كېرەك،
بولىدۇ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ يار-يۆلەك.
قولۇڭدىن كەتسىمۇ تەئەللۇقاتىڭ،
ئالغا باق، ئالدىڭدا تېخى كېلەچەك.

208

بار ئىنسان بىشىدا ھەرخىل كۆرگۈلۈك،
پېقىرلىق ، غەنىيلىك، كۈلپەت، ئىزگۈلۈك.
بىلىملىك خار بولماس دەيدۇ كونىلار،
ۋاقىتنى يۈگەنلەپ ئات قىپ مىنگۈلۈك.

209

باشلىقمەن، يار ماڭا ھوقۇق، ئەركىنلىك،
بەستىمدە سالاپەت، ئىشتا تەمكىنلىك.
دوستلاردىن ئايرىدى بىراق «خانتاجى»،
سىرداش يوق، ئازابلار مېنى غەمكىنلىك.

210

ئىلگىرى بۇ چۆلدە كۆپ ئىپار كېيىك،
بولغانكەن بوۋامغا سادىق دوست-شېرىك.
پېتىپتۇق يۈيۈلماس گۇناھقا، ئىست،
قالماپتۇ ئۇلاردىن بىرىمۇ تىرىك.

211

پاكلىق، ھىممەت بەلۋېغىنى بەلگە چەگ،
خەلق سايلىغان بىر باشلىق سەن، ئەمەس بەگ.
ساداقەتتە ئىشلە مەڭگۈ، بولما ھېچ،
ئىگىسىنى چىشلىگۈچى تۈزكور سەگ[1].

---

[1] سەگ ــ ئىت

212

گۈزەل قىز، غادايما، ئەلگە باشلىق ئەگ،
ئۆمۈرلۈك ئىش ئىكاھ، تالالاپ-سىناپ تەگ.
تويلۇققا سېتىلساڭ ئەھۋالىڭ خاراب،
گوياكى سەن دېدەك، ئېرىڭ خۇددى بەگ.

213

ئاڭلايمەن، ئامراقمىش ئۇرغۇچىغا سەگ،
باغلاقتا تۇرۇپمۇ دەر ئىمىش «مەن بەگ».
ئىتلارنىڭ دەستۇرى ئىتلىق پەلسەپە:
«خوجايىن مېھرىبان، يېلىن، باشنى ئەگ.»

214

مۇئەللىم - باغۋەنى ئالىم، ئەدىبىنىڭ،
مەنىۋى قۇياشى جىمى قەلبىنىڭ.
مەھسۇلى - پەن، ئەقىل، ئىختىرا، ئىجاد،
ئۇ بىرگە ئۆگەتكەن رەقەم-ھەرپىنىڭ.

215

ئانا يۇرت، پۈتكەندۇر قان-تەندىن تېمىڭ،
خەلقىنىڭ قايغۇسى، غېمىدۇر غېمىڭ.
بول ئامان، ئەۋلادتىن يېمىگىن تەشۋىش،
ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن تولغۇسى كېمىڭ.

216

تەڭرىتاغ - ئانىلار ئانىسى ئۆزۈڭ،
ئاقىللار، باتۇرلار داھىيسى ئۆزۈڭ.
سەن بۈيۈك ئەجدادنىڭ بەختى، ئارمىنى،
ئەۋلادلار كەلگۈسى، غايىسى ئۆزۈڭ.

www.uyghurkitap.com

217

قىزاردى كەڭ ئۇپۇق، زىيا تۆكتى تاڭ،
ۋە لېكىن قاراڭغۇ يەنە تەسكەي، ھاڭ.
چۆل سۈسىز، يامغۇردىن بىزار تاغلىق يۇرت،
قىسمىتى تەڭشەكسىز جاھانغا قاراڭ.

218

ھايات بەك گۈزەلدۇر قەدرىگە يەتسەڭ،
غەپلەتنى، رىيانى، رەشكنى تەرك ئەتسەڭ.
ئەجرىڭدە خەلقىڭنى قىلىپ بەختلىك،
نە ئارمان قەبرەڭگە خاتىرجەم كەتسەڭ.

219

تەڭرىتاغ، بەك ئۇلۇغ كەچمىش، ھېكايەڭ،
بۇرۇنقى تۆھپىلەر – نۇرانە سايەڭ.
مۇھىمى ئەتەڭدۇر، ئۆتمۈشۈڭ ئەمەس،
بىز باركى، ئاشىدۇ ئەمەلگە غايەڭ.

220

كۆرەلمەس بەزىلەر گەر تۆرگە ئۆتسەڭ،
مازاققا كۆمىدۇ پەگاغا كۆچسەڭ.
ھەيرانمەن پەلەكنىڭ قىسمەتلىرىگە،
تەتۈرى كېلىدۇ نېمىنى كۈتسەڭ.

221

دەيسەنغۇ: «بوۋامنىڭ تۆھپىسى مىنىڭ»،
ياق، ئۆتمۈش ئەجدادنىڭ، بۈگۈندۇر سېنىڭ.
ھەر نەرسە تەئەللۇق ياراتقۇچىغا،
بىر تۆھپە قالدۇرغىن، چىقماستا جېنىڭ.

222

نادانلىق، غۇربەتنى تۇتىيا قىلدىڭ،
مەي ئىچسەم «جوھۇت» دەپ پەتىۋا قىلدىڭ.
گۆھەرنى سۇندۇردۇڭ قورام تاش بىلەن،
ئەخلەتنى كۆتۈرۈپ ئەتىۋار قىلدىڭ.

223

غوۋغالىق ، تەرتىپسىز جاھانغا قاراڭ،
يامرىدى ئۆكتەملىك، ۋەھىمە، داۋراڭ.
ئاجىز ئەل، مىللەتلەر مەھكۇم ۋە نامرات،
قان تۆكەر بىر نەچچە زومىگەر ساراڭ.

224

جاھاندا داڭقى يوق يۇرتۇم گۇمنىڭ،
ۋە لېكىن ئەڭ ئۇلۇغ ئانام ئۇ مېنىڭ.
«نامراتلا ئۆتىدۇ قاچانغىچە؟» دەپ،
يۈرىكىم دائىما زەرداپ، سۇ مېنىڭ.

225

نېمىشقا نەزەردىن ساقىت تەر-ئەجرىڭ ؟
مەككارلار ئالدىدا يوق ئىززەت-قەدرىڭ ؟
ئاھ دېھقان، قاچانمۇ گۈل ئېچىپ غۇنچەڭ،
تۈزلىنەر قايتىدىن پۈكۈلگەن قەددىڭ؟

226

قاپلىغاچ ئىس-تۈتەك ، قىرغىن، ئەخلەت، كۈل،
بۇلغاندى ئاسمان ۋە يەر شارى پۈتكۈل.
مەدەنىي ئەي ئىنسان، نارازى سەندىن
ھەتتاكى ھايۋانات، ئەۋلادىڭ تۈگۈل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

227

بولمىغىن بىئارام ھەردەمدە، كۆڭۈل،
چەك باردۇر خۇشاللىق، ئەلەمدە، كۆڭۈل.
قېرىدى جۇت-ئايار، يېقىندۇر باھار،
قۇت-ۋىسال لەززىتى سەن-مەندە، كۆڭۈل.

228

ئۆزۈڭنى پىل چاغلاپ، ئۆز خەلقىڭنى قىل،
دېدىڭسەن: بىلىمسىز، نادان، كەمئەقىل.
تۇز بېرىپ ئۆستۈرگەن خەلقىڭگە زىنھار،
دۈشمەنلىك كۆزىدە قارىماس ئاقىل.

229

رەھبەرسەن، بىر ئۇلۇغ مىللەتكە ۋەكىل،
بەختىڭگە، تەختىڭگە ئەل-يۇرتۇڭ كېپىل.
ئۇلارسىز پۇرۇچسەن غەيرىي ئالدىدا،
خەلقىڭگە خىزمەت قىل، بولما بىئەقىل.

230

ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تۆۋرۈكىدۇر تىل،
چىنلىقنىڭ، قەلبىنىڭ ئەينىكىدۇر تىل.
ئۇلىدى ئەجدادنى ئەۋلادقا مەھكەم،
پەن، سەنئەت، تارىخنىڭ كۆۋرۈكىدۇر تىل.

231

دېدىڭمۇ ھاياتنى شېرىن ۋە گۈزەل،
ھەسەلدۇر ساغلاملىق، ئوغىدۇر كېسەل.
تەندۇرۇس بولساڭلا گاداي بولساڭ بول،
كېسەلمەن خاقاندىن ساق پۇقرا ئەۋزەل.

232

ئەجدادلار كۆرسەتسە ئەۋلادقا ئامال،
كەشپىيات ـ ئىجادتا تاپىدۇ كامال.
ئىختىرا گوياكى يەلكەنلىك كېمە،
ئىجتىھات، ئىشتىياق قۇدرەتلىك شامال.

233

سۆزلىگىن پەيتىدە ئورۇنلۇق، گۈزەل،
زىيادە ۋالاقلاش تۇغىدۇ جېدەل.
ئەخمەقلىق مەشرەپتە «ياسىن» ئوقۇماق،
چەكلىنەر مۇسىبەت ۋاقتىدا غەزەل.

234

تۇرغۇزماس ئىكەن جىم دەرەخنى شامال،
خاتىرجەم ياشاشقا يوق ئىكەن ئامال.
ئىجادىم، ئۆمرۈمگە شۇ بولدى يەكۈن:
شائىرغا كۆپ ئىكەن تۆھمەت ۋە قامال.

235

مەن كەتتىم چۆللەرگە، يارىم ياخشى قال،
خەت يازساڭ تەگمەيدۇ، سېغىنى، ئەسكە ئال.
سۆيگۈگە، ۋاپاغا شۇنى قىل مىزان:
ياش تۆكۈپ ئۇزاتقىن، كۈلۈپ قارشى ئال.

236

بىر قىزنى ئۇچراتتىم پەرىدەك گۈزەل،
ئويلىدىم سۆزىمۇ بەلكى بال ـ ھەسەل.
كۆپ ئۆتمەي دەججالدەك كۆرۈندى بىراق،
بولغاچقا ئاغزى ئوت، ئادىتى جېدەل.

237

قاۋاقنىڭ ئالدىدا ئۇچرىدى سائىل،
بولدى پۇل-خەيرىمدىن تىلىكى ھاسىل.
دوستلاردەك مۇڭلاشتۇق باي-گاداي دېمەي،
ئۆرۈلدى ساق چاغدا تىكلەنگەن پاسىل.

238

سەن سىپاھ ھۆكۈمران، بىز مەھكۇم يوقسۇل،
سەن ئىشرەت كويىدا، بىز غەمگە مەشغۇل.
كۆرەڭلەپ كەتمىگىن، بىر كۈنلەر كېلىپ،
بولىدۇ تەخت-ھەيۋەڭ رومكىدىن چۇل-چۇل.

239

فارابى ئېيتىدۇ: ئوغلۇم، قۇلاق سال،
ئۆمۈر بەك قىسقىدۇر، پەيزىن سۈرۈپ قال.
مىڭ يىللىق تائەتنىڭ شاراپىتىنى،
مۇزىكا-مۇقامنىڭ ناۋاسىدىن ئال.

240

قويمىچى قۇرۇتتى مۈلكىمنى تۈگەل،
ئاھ ئۇردۇم، تىلىدىم ئۆزۈمگە ئەجەل.
چال دېدى: تىرىكسەن، بۇ ئۇزۇن جاھان،
ئۈمىدۋار، قەيسەر بول، ئىستىقبال گۈزەل.

241

بىر بوۋاي دېدى: ھەي كۆڭلۈم بەك مالال،
ياش بىلەن ئەقلدە ئادالەتسىز ھال.
كۆچەتلىك مەزگىلدە شاختا مېۋەم يوق،
مېۋىگە كىرگەندە بولدۇم قېرىپ چال.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

242

مىللەتكە ئەڭگۈشتەر بىرلىك، ئەقىل-پەم،
ئاجىزدۇر ئىناقلىق، جۈرئەت بولسا كەم.
ساۋاققۇ ئايرىلىپ ئىپىققا تائام،
بۆلۈنۈپ بۆرىگە بولغىنىمىز يەم.

243

قاقشايسەن:«ئۆزگىلەر بەرمىدى ياردەم»
ئۆزگىمۇ ئادەمغۇ، سەنمۇ بىر ئادەم.
ئۆزىگە، بىلىمگە تايانمىغاننىڭ
كەسپىدۇر سائىللىق، رىزقى دەرد-ئەلەم.

244

ھاياتتا بىر ئۆمۈر تاپمىدىم تىنىم،
يىغمىدىم پۇل ۋە مال توپلىدىم بىلىم.
پەلەككە يېتىدۇ بېشىم بۇگۈنمۇ،
ئاتىسا ئەل ۋە يۇرت مېنى مۇئەللىم.

245

زېمىندا، گاھىدا ئاسماندا يۈردۈم،
سىر-قۇدرەت ھەققىدە خىياللار سۈردۈم.
جاھاننىڭ گۈللىنىش-ھالاكىتىنى،
ئىلاھىي كۈچ ئەمەس، ئىنساندىن كۆردۈم.

246

گاھ خۇشالمەن، گاھ قايغۇدا، ئىچىمدۇر يۈكۈم،
تىنچى بالدۇر تەقدىرىمگە چىقارماق ھۆكۈم.
ئۈمىدۋارمەن، زەربىسىنى تۇرمۇش-قىسمەتنىڭ،
قىلار مەردلىك جاسارىتىم، سۇبات كۈمپەيكۈم.

247

تەڭرىتاغ، پەرزەنتىڭ بولماقلىق بەختىم.
پۇقرامەن، سەن مىنىڭ شەۋكەتلىك تەختىم.
ئۆلمەسلەر سىپىدە ياشايمەن مەڭگۈ،
ئۆمرۈمنى سەن ئۈچۈن ئەيلىسەم تەقدىم.

248

ئۆمرۈمدە گاھ كۈلدۈم، گاھى ياش تۆكتۈم،
ياشاندىم، دانالىق پىكرىگە چۆكتۈم.
ئادەملەر كۆڭلۈمنى چۈشىنەر قاچان،
شۇنچە كۆپ ماختىندىم، شۇنچە كۆپ سۆكتۈم.

249

ئەمەسسەن كۆيۈمچان، كەمتەر، مۇلايىم،
ئۆزگىنى سۆككۈشكە ئامراقسەن دائىم.
ئۆزۈڭنى ئەيىبلەپ باققىنا بىر رەت،
باش سوتچى قويمىغان سىنى خۇدايىم.

250

مەيلى ئۇ شاھىنشاھ، ئەۋلىيا، ھاتەم،
جاھاندا ئاز ئىكەن گۇناھسىز ئادەم.
سورىدىم دانىشتىن ئىپتتى باش چايقاپ:
ئەسلىدە گۇناھقا پاتقان بۇ ئالەم.

251

ياقتى مەرد خەلقىمگە شىئىرىي سادايىم،
ھەسەتخور ئالدىدا بۇ چوڭ گۇناھىم.
تۆھمەتتىن، غەيۋەتتىن يىراق ئىكەن چۆل،
قولىقىم تىنجىدى، شۈكرى خۇدايىم.

www.uyghurkitap.com

252

چۈشۈمگە كىرىدۇ مەرھۇمە ئانام،
باغرىغا باسىدۇ دەپ «جېنىم بالام!»
بولسىدى قىسمەتنى ئايرىۋاش قىلماق،
ئۇتاتتىم جېنىمنى قوش قوللاپ تامام.

253

بىلمەيمەن ئورنۇمنى، ئۆزۈم زادى كىم؟
زەردارمۇ، گادايمۇ، مەھكۇممۇ، ھاكىم؟
يۈرىمەن غۇربەتتە گۆھەرنى دەسسەپ،
قىسمىتىم مەجھۇلدۇر، قەيەردە خاكىم؟

254

ئېتىم يالقاۋ، پۇلغا سېتىپ قۇتۇلدۇم،
خوتۇن ئەسكى، تالاق ئېتىپ قۇتۇلدۇم.
ئەركە بالام بولدى لۈكچەك – چوڭ ئاپەت،
دەيمەن پەقەت : گۆرگە كېتىپ قۇتۇلدۇم.

255

ئۆزگىنى دۆت كۆرمە، بولساڭمۇ ئالىم،
يۇرت، مىللەت ئالدىدا بولغىن مۇلايىم.
ھەققىڭ يوق بوۋاڭنى قىلىشقا ئىنكار،
ئەجدادنى خورلىغان مۇناپىق زالىم.

256

ياش كەتتىڭ جاھاندىن بۇزۇلدى كۆڭلۈم،
ياخشىغا يېقىنكەن تۆھمەت ۋە ئۆلۈم.
تۆھپەڭدىن لال بولۇپ رەقىبلىرىڭمۇ،
دېدى: ئاھ، سالمىساق بوپتىكەن زۇلۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

257

ئەي دوستۇم، ئەقلىڭدىن ئېزىپ بۇ قېتىم،
دەپسەنغۇ «پاكىزە ئەمەس مىللىتىم.»
يۈزۈڭنى كۈندە بىر يۇيۇپلا سەن پاك(؟)
ناپاكمۇ يۇغانلار كۈندە بەش قېتىم؟

258

ئىجادكار كىشىگە يوق ئەسلا ئارام،
ئۇنىڭغا ھورۇنلۇق ، مەي، ئۇيقۇ، ھارام.
ھەيرانمەن، نېمىشقا نەزەردىن ساقىت،
خەلقىگە يورۇقلۇق بەرگەن نۇرلۇق شام؟

259

مەيلى بول ئەمەلدار، پۇلدار يا ئالىم،
گىدەيمە، بول كەمتەر، خۇشخۇي، مۇلايىم.
«كاتتا»لىق تەقدىردىن ئەمەس، ئەجىردىن،
ياراتقان ھەممىنى ئوخشاش خۇدايىم.

260

گىدەيدىڭ مەنسىتمەي، دېسەك «ئەسسالام!»
ئويلىدىڭ بىزنى بىر «مەنسەپسىز ئاۋام».
ئۇنۇتتۇڭ سايلامدا ئېيتقانلىرىڭنى:
«مەن خەلق چاكىرى، پۇقرا ئۆز ئانام!»

261

قولۇمدا تەپەككۇر مەيى تولغان جام.
ئالدىمدا بىر سىيما، تىلىمدا بىر نام.
ئويلايمەن ھەيكىلىڭ ــ گىگانت رۇبائىي،
قۇياشتەك ياشايسەن مەڭگۈگە ھەييام.

262

قەدىمي شەرقىنىڭ گۆھىرى مۇقام،
ئىجادىنىڭ بۇلىقى ـ كەۋسىرى مۇقام.
كۆڭۈللەر ئوزۇقى، سەنئەت قامۇسى،
ئەجدادلار ئەجرىنىڭ جەۋھىرى مۇقام.

263

سانايتتىم ئۆزۈمنى پۇلدار ۋە ھاكىم،
نەزەرگە ئىلمايتتىم سالام بەرسە كىم.
ئۆلگەندە كۇلالچى قىلدى مەسخىرە:
كوزىغا يارىماي قالغانمىش خاكىم.

264

كوي-مۇقام دىيارى يەكەن ۋە كۇسەن،
قەدىمي ئىرپانىنىڭ بۆشۈكى خوتەن.
پەخىرلەن، نامرات دەپ كەمستمە ئۇنى،
بۇ يۇرتلار ئەسلىي باي بوۋاڭغا ۋەتەن.

265

سورىسام يىپشىنى چۆلدىكى تاشتىن،
ماختاندى ئاشتىم دەپ نەچچە مىڭ ياشتىن.
ئىچىندىم بولمىسا تۆھپە يا شەۋكەت،
نە پايدا، مەنىسىز ئۇزۇن ياشاشتىن.

266

ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ كەتمە ئىنتايىن،
جاھاندىن بىر خىللا ئۆتۈش ناتايىن.
چۈشەنسەڭ تۇرمۇشمۇ «رەھىمسىز فرونت»،
ئاخشامقى خىزمەتكار ئەتە خوجايىن.

www.uyghurkitap.com

267

سەن دانا ئەمەسسەن، بىز ئەمەس نادان،
«مەيخورلۇق چوڭ گۇناھ» دەۋەرمە ھامان.
مەي ئىچمەك ساۋابمۇ، گۇناھمۇ ئەمەس،
جىنايەت كۆپ ئىچىپ بولماقلىق قاۋان.

268

ئامەت شۇ پۇرىدىڭ ساقلىق گۈلىدىن،
مېڭىۋەر ئۇمىدۋار ھەييام يولىدىن.
ياشىنىپ ياستۇققا يەتكىچە بېشىڭ،
شاد ياشا، ئىچ شاراب نىگار قولىدىن.

269

ھۇرۇنلار قاقشىغان كەبى ھەممىدىن،
ئەي نادان، زارلانما زىنھار تەڭرىدىن.
ئىشلەتمەي ئەقلىنى، ۋايساپلا يۈرسەڭ،
قۇتۇلماي ئۆتىسەن پۇچۇق تەڭنىدىن.

270

ئۇچرىدى ئالدىمغا كاتتا بىر ئىشان،
چېھرىدە تەمەننا، سەللىسى يوغان.
ئۇ دېدى:«مەن ئۇلۇغ، سەجدە-تازىم قىل»
كۆرۈندى ئۇ بولۇپ سەللىلىك شەيتان.

271

يىراق بول نىزانىڭ كۆلپەتلىرىدىن،
زارلانما ھېچكىمدىن. ھېچبىر نېمىدىن.
شاد، ئىناق، ئۇمىدۋار ياشا، ھۇزۇر ئال،
قەدەھنىڭ، نىگارنىڭ گۈلگۈن لېۋىدىن.

272

پۇلۇمنى خەجلىدىم، قالمىدى تىيىن،
قايتىدىن پۇل تاپماق بولمىدى قىيىن.
ۋاقتنى خەجلىدىم، كەلمىدى قايتا،
قىرىدىم، قەدرىنى چۈشەندىم كېيىن.

273

يىقىلدى تەختتىن شاھ، بولدى سەرگەردان،
چەت ـ ياقا يۇرتلاردا يۈردى خار ـ سەرسان.
سۇ بەردى، نان بەردى، باشلىدى ئۆيگە،
ئۇ بۇرۇن كەمستكەن قەلەندەر چوپان.

274

بىر شاھنىڭ قەبرىدىن ئاڭلاندى شۇ ئۈن:
«كىرگۈچە يۈز ياشقا، ياشىدىم يۈز كۈن.
دۆلەتنى مۇستەقىل قىلدىم قان كېچىپ،
يۈز كۈنلۈك شۇ تۆھپەم ئۆلمىدى بۈگۈن.»

275

ئۇچقۇنلار بىرلەشمەي يانمايدۇ گۈلخان،
كۆچەتلەر قوشۇلماي بولمايدۇ ئورمان.
يىگانە قەترىنى يەر يۇتار ئوڭاي،
ماماتتىن ساقلايدۇ ئۇنى كەڭ ئوكيان.

276

بىر بوۋاي ئۆمرىدىن چىقاردى يەكۈن:
«ئەي ئوغلۇم، ئىبرەت ئال، ھالىمغا ئۆكۈن.
مىڭ دوستتىن يامانكەن بىر ئاقىل دۈشمەن،
شۇ سەۋەب كۆرمىدىم ئەسلا ياخشى كۈن.»

277

يىللار ئۆتنۆبىرەر ئۆز يولى بىلەن،
كارۋان مەنزىل ئاشار دۇلدۇلى بىلەن.
مۇرادقا يېتىدۇ ئاقىللار جەزمەن،
تەقدىرنى چىلك تۇتۇپ ئۆز قولى بىلەن.

278

تەڭرىتاغ، تاغلارنىڭ شۆھرەتلىكى سەن،
تارىخى مۇقەددەم، ھۆرمەتلىكى سەن.
قۇچىقىڭ خەزىنە ، خەلقىڭ مەرد ، جەسۇر،
كەلگۈسى ئىقباللىق، قۇدرەتلىكى سەن.

279

بىر دانا سۆزلەيتتى: «ئەستە تۇت ئوغلان،
دۆلەتتە قانۇن بار، ئادەمدە ۋىجدان.
بولمىسا ئىككىسى ئالەم ئارا تەل،
ھايۋاندىن پەرقسىز قالاتتى ئىنسان.»

280

مىللەتنى دىلىڭدىن سۆيسەڭ ئەگەر چىن.
سوقمىغىن مىللەتلەر ئارا سەددىچىن.
ھەممىدە تۆھپىكار ئۇلۇغ ئەرلەر بار،
ئەمەستۇر بىر مىللەت تەڭرى، بىرسى جىن.

281

سۆزلەيتتى ئۆزىچە مەغرۇر مەمەدان:
پالانى ئەقىلسىز، پالانى يامان.
مەن دېدىم: ئالدىراپ بەرمىگىن باھا،
بار ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئىنسان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى تور ئادرېسى

282

تەڭرىتاغ، مەرد ئىدىڭ، چىقسا نى بوران،
ياقلايتتىڭ ھەقنى سەن، ياڭرىتىپ ئۇران.
بولدىغۇ نادانلىق، پۇل ساڭا ھاكىم،
نېمىشقا بۇ ئىشقا سۈرمەيسەن زۇۋان؟

283

تەڭرىتاغ بىر گۈلشەن، بىر تال گۈلىمەن،
قىرانلىق ھۆسنىگە بىر كۈن تولىمەن.
بايۋەچچە چېكىسى ئەمەس نىشانىم،
تۇپراقتىن ئايرىلسام شۇئان سولىمەن.

284

ئۇزۇككە شۇنداق سۆز ئويمىش سۇلايمان:
«ئۆتىدۇ ھەممە ئىش، ئۇزۇندۇر جاھان.»
كۈلگەنمۇ يىغلايدۇ يىغلىغان كۈلۈپ،
بىر خىللا قىسمەتتە تۇرمايدۇ ئىنسان.

285

بىر قۇملۇق ماختاندى: «گۆھەردەك جايمەن،
بار ئالماس، ئالتۇنۇم، ئەشياچى بايمەن.»
مەن دېدىم: قەدرىڭنى بىلمىسە ئىگەڭ،
دەۋەرگىن قەلەندەر سولغۇن چىرايمەن.

286

بىر ھېكمەت ئاڭلىدىم قېرى دانىشتىن:
«تۇرمۇشتا قىل ھەزەر مۇنداق بىر ئىشتىن،
كۆز سالما ئۆزگىنىڭ پەرى جۈپتىگە،
كۆرۈمسىز پاك جۆرەڭ ئەلا خانىشتىن.»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

287

بىلدۇ كەچۈرگەن كىشىلەر باشتىن:
يوقسۇزلۇق، قەرزدارلىق قاتتىقنۇر تاشتىن.
ۋاپاسىز جاھان بۇ. نامرات چېغىڭدا،
مۆرۈۋۋەت كەلمىگەي باي قېرىنداشتىن.

288

تېمى، پولى چاقنار ئوتقاش گىلەمدىن،
غەم يىراقكەن بايۋەچچىدىن، سەنەمدىن.
جاھان شۇنداق، نە پەرۋايى ئۇلارنىڭ،
خالۋاپ چەككەن جاپا بىلەن ئەلەمدىن.

289

ئايرىدى قاراقچى پۇل ۋە مىلىڭدىن،
ئاھ ئۇرۇپ غىزامۇ ئۆتمەس گېلىڭدىن.
ئۈمىدۋار بول ئىنسان، بۇ ئۇزۇن ئالەم،
پۇل-بايلىق ھېچ ئارتۇق ئەمەس جېنىڭدىن.

290

ئادەملەر تارىخنىڭ يولىدا كارۋان،
قەلبىدە يالقۇنجار نى ئۇلۇغ ئارمان.
يارىتىپ مۆجىزە، يەشسىمۇ كۆپ سىر،
يەنىلا تىلسىملىق ئالەم ۋە ئىنسان.

291

ئاتلانسام سەپەرگە ، ئويلىما كۆچكۈن،
قايغۇرۇپ ياش تۆكسەم، دېمىگىن چۈشكۈن.
مىللەتنىڭ سەپىرى، مىللەتنىڭ غېمى،
تۈگىمەس پالاقلاپ قويغانغا ئۈچ كۈن.

292

ھاياتتا گاھى نۇر، گاھىدا جۇدۇن،
گاھىدا غەملىكمەن، گاھىدا مەمنۇن.
نادانلىق، غەپلەتكە خەنجەر ئۇرۇشقا،
قايسى كۈن ئويغىنار قەبرىدىن لۇتۇن؟

293

بۇلبۇلغا گۈل ئەلا، پەرزەنتكە ۋەتەن،
كەمبەغەل بولساڭمۇ سۆيىمەن خوتەن.
يىراقتا تۇرۇپمۇ يەيمەن غېمىڭنى،
ئانامسەن، سەن بىلەن مەن بىر جانۇ تەن.

294

ئويلىغاچ ئۇ سېنى شەپقەتچى خاقان،
ئەرز سۇندى ھاجەتمەن بىر يىرتىق چاپان.
بىلەمسەن، مۇكچەيتەر بىر قوپال گېپىڭ،
بېغىشلار بىر ئېغىز ياخشى گېپىڭ جان.

295

ئىقباللىق كۆچەتتۇر ياشناپ كۆكەرگەن،
چىن ئەدىب ئەڭ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگەن.
مىللەتنى ماختاشلا بولماس سۆيگەنلىك،
ئىللەتنى قامچىلاش بولماس چۆكۈرگەن.

296

ئەي ئىنسان، تالاشما، كەڭرىدۇر جاھان،
ئىناقلىق، دوستلۇققا موھتاج ئەل، زامان.
پاك ئەجرىڭ غەنىيمەت ، دىدار غەنىيمەت ،
گادايسەن ياكى شاھ، كېتىسەن ھامان.

297

تەشۋىشىم، غېمىم كۆپ ئىنسان زاتىدىن،
ئايرىلىپ قالمىسۇن ئېتىقادىدىن.
ئېتىقاد، بىرلىكسىز دۈشمەنلىشەركەن،
تۆرەلگەن بولسىمۇ بىرلا ئاتىدىن.

298

«لىق-لىك»تىن سۆز ئاچما ئىغۋاچى سۆزمەن،
خەلقىم بار، جىمى يۇرت قوينىدا ئۆزمەن.
تۆھپىكار چىقىدۇ ھەممىلا جايدىن،
دېمىگىن ئۆزۈڭنى تەنها يۇلتۇزمەن.

299

كىمكى يۈز ئۆرىسە ۋەتەن ئانىدىن،
جۇدادۇر بەختىدىن، ئۆز ۋىجدانىدىن.
سەرگەردان ئولتۇرغان شاھانە ساراي،
مىڭ ھەسسە ئازابلىق يۇرت زىندانىدىن.

300

بىر يىگىت بار ئىدى جېدەلخور، يامان،
ھەيرانمەن، ئۆزگەردى بولۇپ بەك ئوبدان.
سورىسام سوت-ھەپسە ئۆزگەرتتىمۇ دەپ،
ياق،- دېدى ئۇ،- مېنى ئۆزگەرتتى ۋىجدان!

301

مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق مەرد ئىنسان،
قىلىدۇ ساينى باغ، چۆللەرنى بوستان.
يېڭىدۇ توسقۇننى، ھىجران، كۈلپەتنى،
جۈرئەت ۋە ساداقەت ئاڭا جۈپ قالقان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

302

مۇئەللىم ـ پەرىشتە نۇردىن تۆرەلگەن،
ئىنسانغا شوتا ئۇ كۆككە تىرەلگەن.
يۇلتۇزنى قۇچاقلاپ، سۆيىدۇ ئاينى،
ئۇ بەرگەن يول بىلەن ئالغا يۆلەنگەن.

303

قەشقەردە كۆپ قامۇس، كۈي، نەزمە، داستان،
ئۇ ئالىم، ئەدىبلەر بۆشۈكى ـ بوستان.
ئاسرايلى جۇدۇندىن، نۇر چاچسۇن يەنە،
پەن ـ ئىجاد يۇلتۇزى تولغان بۇ ئاسمان.

304

گەر پاقا ياشىسا چىقماي تار كۆلدىن،
بەد پۇراق لەشنىمۇ خۇشبۇي دەر گۈلدىن.
ئۇنىڭغا جاھان ـــ كۆل، كوركىراش ـــ ناخشا،
ئۆزىنى بەختلىك سانار بۇلبۇلدىن.

305

نۇر ياغار مۇئەللىم چېھرى، بەستىدىن،
چېكىنمەس، ۋايسىماس جاپا دەستىدىن.
كۆكسىدە سوققىنى مىللەت يۈرىكى،
ئىگىلەر سۇنماس ياۋ تۆھمەت ـ قەستىدىن.

306

ئۆلچەنمەس ئەر قەدرى بوي ـ تۇسى بىلەن،
يۇرت بۈيۈك سانالماس نوپۇسى بىلەن.
ئۇلۇغلۇق خەلققە خاستۇر ئەبەدىي،
ئىنساننىڭ قىممىتى تۆھپىسى بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

307

سەن سىپاھ، بىز پۇقرا، نەسلىمىز ئىنسان،
ئىمتىياز بار سەندە، يوق ئىنساپ، ۋىجدان.
كۆتۈرگەن ئەل بىلەر يىقىتىشنىمۇ،
خىيانەت، پارىدىن قول ئۈز، ئەي نادان!

308

نامەردنىڭ قولىدىن شاراب ئىچمەيمەن،
«تاۋىم يوق، ئەزەلدىن مەيگە ئۆچ» دەيمەن.
ئۆلپەتنى، سورۇننى تاللاش دانالىق،
پىتنىدىن يىراقراق ياشاي تىنچ، دەيمەن.

309

دىمە: مەن دۇنياغا ھەمىشە مىھمان،
شامالدەك بىتۇراق پەلەك ۋە زامان.
غەنىيمەت بىر تۆھپە، بىر كۈلكە، بىر جام،
كىم بىلەر، ئەتىلا بولامسەن پايخان.

310

ئەي تارىم، سەن ماڭا ۋەتەن، ئالەمسەن،
غەمگۈزار ئانامسەن، ئۈلۈم كەئبەم سەن.
تارىخنىڭ قۇت-نۇسرەت، كۈلپەت قامۇسى،
ھۆر، غەنىي، نۇرانە، گۈزەل ئەتەم سەن.

311

زارلانما: «قەدرىمنى بىلمىدى جاھان»
تاسقايدۇ غەلۋىردە ھەركىمنى زامان.
ئىززەتتە قايسىبىر تىرىك دانىشمەن؟
ھەركىمنىڭ قىممىتى ئۆلگەندە ئايان.

312

«مەي» دېسەم، ئويلىما مېنى مەست گۇمراھ،
ئىچمەيمۇ مەست ئۆزۈم، جامائەت گۇۋاھ.
يۈرىكىم قەدەھتۇر، مەيدۇر ئەل غېمى.
بۇ شاراب بىر ئۆمۈر جىسمىمغا ھەمراھ.

313

بۇ جاھان ھەم زالىم ھەمدە خەيرخاھ،
كۈلەلمەس نامرات يوق، يىغلىيالماس شاھ.
غۇربەتتە دۇگدەيمە، پۇلدىن گىدەيمە،
ئەي ئىنسان، بول دائىم ئۇمىدۋار، ئاگاھ.

314

ياتمىغىن غەپلەتتە، بول ھامان ئاگاھ،
ئويلىما:«جاھان تىنچ، يوق جەڭ-بارىگاھ»
تۇرمۇش ـ جەڭ، بار ئۇندا غالىب ۋە مەغلۇپ،
ئاقىلغا ئىش، ئەمگەك ئورنىمۇ جەڭگاھ.

315

ئەي ئىشان، بىزلەرنى ئويلامسەن گۇمراھ،
ماڭساقمۇ، تۇرساقمۇ ھەممىسى گۇناھ(؟)
ساڭا خاس خانىقا، تەركىدۇنيالىق،
بىزلەرگە ئىش، ئىجاد، نىگار، مەي ھەمراھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

316

يورەرمىش ئەل كېزىپ ئادولىق[1] ئەرۋاھ،
بولسام دەپ جاھاننى بويسۇندۇرار شاھ.
ئەي ئىنسان، ھەزەر قىل ئۇرۇش ئوتىدىن،
بولمىسۇن دىيارىڭ ھوقۇشقا دەرگاھ.

317

كىرىپ مەھمۇد جوراس[2] چۈشۈمگە ناگاھ،
دېدى:«بىر ئاپەتتىن بول ھوشيار ـ ئاگاھ.
قىلىدۇ يورتۋازلىق مىللەتنى گۇمران،
ئەجدادىڭ قىسمىتى بۇنىڭغا گۇۋاھ.»

318

ياشاندۇق، كۆرمەستىن بىر تاتلىق چۈشمۇ،
چەكتۇق كۆپ دەرد ـ ئازاب، بۇ ئادىل ئىشمۇ؟
پەقەت يار، مەي بوپتۇ بىر ئۆمۈر ئۈلپەت،
باشقىسى بىۋاپا، ھەتتا چاچ، چىشمۇ.

319

قاقاسلىق بولسىمۇ زېمىن ئۆلمەيدۇ،
كىم دەيدۇ «باغرىدا ھايات كۈلمەيدۇ»؟
ئۆلگەنگە تەڭ ئەمەس چۆلدىكى سۈكۈت،
بۇ سىرنى تەكەببۇر نادان بىلمەيدۇ.

---

[1] ئادولىق ـ ئادولىق گىتلىر

[2] مەھمۇت جوراس ـ ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى، ئالىم

320

بەزىلەر شەھەردە ياشاپ قاقشايدۇ،
پارىسكىنىڭ گۈلىگە ئەينى ئوخشايدۇ.
تارىمدا يۈز ياشلىق دېھقانىنى كۆرۈپ،
ئويلىدىم: سەرخىل ئەر چۆلدە ياشايدۇ.

321

دېڭىزنىڭ ھۆسنى بار كىچىك كۆلدىمۇ،
بىر باغنىڭ سۈرىتى بىر تۈپ گۈلدىمۇ.
گۈزەللىك بەخش ئەتسەڭ بارچىغا گۈلدەك،
بۇلبۇلنى تاپسەن دەشتى چۆلدىمۇ.

322

قان ئاققان تاغ-سايلار ياتىدۇ سۈرلۈك،
شۇ قاندىن يارالغان بەخت ۋە ھۆرلۈك.
ئۆلمەي دەپ جەڭگاھتىن قاچقۇچى نامەرد،
مىدىرلاپ يۈرسىمۇ ھەقىقىي ئۆلۈك.

323

ئاقىلغا كۆز، مېڭە، ئىدراك ۋە سەزگۈ،
سىرلارنى ئاشكارا قىلغۇچى كۆزگۈ.
بۇ كۆزگۈ-ئەينەكتە ئاياندۇر بارچە،
رەزىللىك-گۈزەللىك، يامانلىق-ئىزگۈ.

324

زالىملىق قىلدى دەپ ئىسكەندەر، خىسراۋ،
بارچە شاھ-خاقانىنى دېمە ئەسكى-ياۋ.
ئەمەسمۇ مەرىپەت سۆيەر خانلارنىڭ
مىسالى ئۇلۇغبەگ، رەشىدخان، ساۋساۋ.

325

نېفىت ئۇ زېمىننىڭ ، ئەجدادنىڭ قېنى،
نە قانكى. ئانا يۇرت. ۋەتەننىڭ جېنى.
تاپىدۇ ئەل. خەلقنىڭ ھەقىقىي روناق،
تۇتۇپ ئۆز ئىلكىگىدە ئىشلەتسەڭ ئۇنى.

326

ئايازدا ئۆتتۇلەر باھارنىڭ قەدرى،
سەپەرسىز بىلىنمەس تۇلپارنىڭ قەدرى.
چۆلدە مەن، ئامرىقىم چۈشۈمدە دائىم،
يۇرقەتتە ئاشاركەن نىگارنىڭ قەدرى.

327

دەيدىكەن:«جاپانىڭ باردۇر راھىتى.
بەختنىڭ، ئامەتنىڭ دەردى، ئاپىتى.»
يىقىلغان توغراقتا بېقىلىق، چۈشىنىڭ،
تۇرمايدۇ ھېچنەرسە گىدەيگەن پېتى.

328

جاھانغا كەلگەندىن كىملەر ئۆلمىدى،
كىم پەرياد چەكمىدى، كىم چاچ يۇلمىدى.
شاد ياشا. سۇر ھايات. سۆيگۈ پەيزىنى،
تىرىكسەن. كۆزۈڭگە تۇپراق تولمىدى.

329

نەسىھەت، تەنبىھ كۆپ سۆزىمىزدىكى،
كۆرۈنمەس نۇقسانلار ئۆزىمىزدىكى.
ئۆزگىنى سۆكىمىز، بىلمەيمىز بىراق،
تىكەنمۇ ياكى گۈل ئىزىمىزدىكى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

330

ئېيتمىشتۇر قەدىمنىڭ دانا شائىرى:
«يوق پىتنە ـ ھەسەتنىڭ چېكى ـ ئاخىرى»
ئۇنىڭدىن زارلىنىپ، ئۇپراتما ئۆمۈر،
تۈھىپىدە ھاياتنىڭ خۇشاللىق سىرى.

331

ئەگەشتىم چىلىڭ ئۇشلاپ دانا قولىنى،
تۇتتۇم دۆت، نادانىنىڭ ئەكسى يولىنى.
ئاقىلدىن سۇ ئىچتى قەلبىم ئېتىزى،
ياشناتتىم تەر تۆكۈپ ئىجاد گۈلىنى.

332

بولمىسا ئورتاق بىر مەنپەئەت بىرلىكى،
قۇرۇق سۆز، شوئاردۇر مەقسەت بىرلىكى.
مىلىڭ تۇلپار تارتالماس بىرلا ھارۋىنى،
بولمىسا ئىناقلىق، ھەرىكەت بىرلىكى.

333

تىكلەنگەن سۆز گەنجى بىلەن تەخت پايى،
تېموردىن، شاخرۇختىن ئۇلۇغ نەۋائى.
خىسراۋنىڭ زەر گەنجى تۈگىدى، ئەمما،
ھەييامغا باقىيلىق بەردى رۇبائىي.

334

بىر نادان: «بولماس جىق ياشاشقا» دېدى،
بىر ئالىم: «كىرگۈلۈك مىڭ ياشقا» دېدى.
ئۇ نادان «بىكار گەپ» دېۋىدى، ئالىم:
«تۈھپىكار ئۆمرى تەڭ قۇياشقا» دېدى.

335

ئادەمدۇر ئالەمنىڭ شاھى، ئىگىسى،
تۆھپىدۇر ئادەملىك سىيما، بەلگىسى.
ئىختىيار، ئىلكىدە ئىنسان زاتىنىڭ،
دۇنيانىڭ تەقدىرى، بۈگۈن، كەلگۈسى.

336

ھەر ئىنسان ئەمەستۇر خىيالدىن خالىي.
قىممەتلىك ئەدىب ۋە ئالىم خىيالى.
تەسەۋۋۇر، خىيالسىز يارالماس ئىجاد،
ئۇنىڭسىز جاھاننىڭ خارابتۇر ھالى.

337

سەن «يامان» دېگەننىڭ چاقىندى ئىزى،
سەن «ياخشى» دېگەننىڭ چۈۋۈلدى مىزى.
ئالدىراپ چىقارما ھاياتتىن يەكۈن،
دولقۇنسىز جىم تۇرماس قىسمەت دېڭىزى.

338

كۈنلەشتۇر ئادەمنىڭ روھىي كىشەنى،
سۆيگۈنىڭ يوق بۇندىن قەبىھ دۈشمىنى.
كۈنلەشتىن جۈپلەر تاق، پەرزەنتلەر يېتىم،
دەشت-چۆلگە ئايلىنار ۋاپا گۈلشىنى.

339

ئۇ دېدى: «مەن سۆيدۈم سىزدەك چولپاننى،
پەيت كەلسە بېرىمەن بۇ يولدا جاننى.»
تويۇقسىز ئېتىلغان ئىدى غالجىر ئىت،
تاشلاپلا قاچتى ئۇ قىزنى — جاناننى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

340

كەشىپ ـ ئىجاد ياراتتى بوۋىلار تۇنجى،
كۆڭلۈم غەش، بوپتىمەن بۇ ئىشقا كەنجى.
بىر دانا ئېيتتى: «تۆر مەنسۇپ ساڭىمۇ،
ئېشىپ كەت، ئەۋلادتا ئەجداد ئىشەنچى.»

341

يېتىشتۇر ئادەملىك غۇرۇر، سەزگۈنى،
ئۆزۈڭنى قەدىرلە، سۆيگىن ئۆزگىنى.
ئىنساننى ھاقارەت قىلغۇچى تەلۋە،
چەيلىگەن قاۋاندۇر باغنى، كۆزگىنى.

342

ياشىدىڭ، تۇگەتمەي «مەن» دېگەن كىرنى،
ئاچالماي ئالەمدىن بىرەرمۇ سىرنى.
چوققىلار مېنىڭكى دېمە، ئەي نادان،
چوڭ تۆھپەڭ بولاتتى ئالساڭ بىر قىرنى.

343

ھارافكەش باي ئۆلدى، ئىمام تېز چاپتى،
ۋەز ئېيتىپ نامازدا، كەڭرى يول ئاچتى.
مۇردىغا جەننەتنى گۆرۈڭگە قويۇپ،
ئۆزىگە ئىسقاتتىن خېلى پۇل تاپتى.

344

ئەي خاتىپ، سۆزلەيسەن مەھشەر غايىبنى،
رام قىلىپ مەسچىتتە ئەلنى، تالىپنى.
دۇنيالىق ئىشىڭدا كۆرىمىز ئەمما،
شەرىئەت، قۇرئانغا زىت، مۇخالىپنى.

345

نادانىنىڭ ئەمەلگە ئاشماس ئارمىنى.
سۆرەيدۇ «مەن» دېگەن ئەبجەق ھارۋىنى.
قالىدۇ توزاڭدا، ھەسەت، كۆلپەتتە،
داۋانلار ئاشقاندا «بىز»نىڭ كارۋىنى.

346

يەر شارى ئالەمنىڭ تۇنجى بالدىقى،
يۇلتۇزلار تىلسىمات گەنجى ساندۇقى.
يېشىلسە تىلسىملار تۈگۈنى تامام،
چىقاتتى جاپاكەش ئىنسان ھاردۇقى.

347

بىر ئەدىب ئۆمرىدە دەرد ـ كۆلپەت كۆردى،
ئۇنىڭغا نە پىكاپ، پىيادە يۈردى.
ئۆلگەندە ئايلاندى ئۇلۇغ ئەربابقا،
ئەجرىنىڭ پەيزىنى ئەۋلادلار سۈردى.

348

قەلبىمدە ھاياتنىڭ ئوت ـ ئىشتىياقى،
بولغۇم بار خاس ھاجىپ بوۋامدەك باقى.
دۇنيادىن ئىشلىرىم چالا كەتكۈم يوق،
تەگلىمەي تۇر ئەجەل مەيىنى ساقى.

349

مۇڭلانما بىز تىخى ھايات، ئەي پەرى،
پەرۋازغا بىزدە بار قانات. ئەي پەرى.
سولمىسۇن ئەبەدىي سۆيگۈ بېغىمىز،
مەردلەرگە يىراقتۇر مامات، ئەي پەرى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

350

دانىشمەن سۆزلىدى: ئەستە تۇت شۇنى،
جاپادا ئۆتىدۇ ئەدىبنىڭ كۈنى.
ئۆلگەندە مەرسىيە يازغاندىن كۆرە.
تىرىكلىك ۋاقتىدا قەدىرلە ئۇنى.

351

شەنىڭنى ئۇلۇغلاپ يازسام رۇبائىي،
ئاپىرىن ياڭراتتى لۇتفى، نەۋائىي.
تىرىكلىك چاغدىمۇ، ۋاپاتىدىمۇ،
تەڭرىتاغ، قوينۇڭدا ئوغلۇڭنىڭ جايى.

352

بالىدۇر ئانىنىڭ ئىشەنچ يۆلىكى،
پەرزەنتكە بەختتۇر ئانا تىلىكى.
بىلەمسەن ئاق چەككەن بىۋاپا ئوغۇل،
تىغلاندى مېھرىبان ئاناڭ يۈرىكى.

353

جانانىڭ قولىدا يۈرتۈم شارابى،
تەننازى، قەدەھى ـ سۆيگۈ جاۋابى.
نىمە بار موھەببەت، ۋاپادىن ئۇلۇغ،
ئېتىقاد، سۆيگۈدە ھەجنىڭ ساۋابى.

354

ئىنسان پاك ئەسلىدە پەرىشتە كەبى،
ئاقكۆڭۈل، غەرەزسىز، ئوماق ۋە سەبىي.
بوزۇلماي تۇرمۇشنىڭ بورانلىرىدا،
قالسىكەن ئىنسانلىق پىتى ئەبەدىي.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

355

كونىلىق ئورنىنى يېڭىلىق ئالدى،
يەرلىكنى مۇساپىر ئىشقا سالدى.
تەڭ قامەت كۆتەردى مەسچىت، رېستوران،
مەيخانە ئىگىسى ئىمام بوپقالدى.

356

ئەل-يۇرتقا چوپانسەن، يوقات بۆرىنى،
يولىغا قۇر تۇزاق، كولا ئورنىنى.
خەلقنى قوي بىلىپ ساتماق ئىستىسەڭ،
تەييارلار ئۇ ساڭا ئۆلۈم گۆرىنى.

357

بىلمەيسەن شائىرنىڭ دەردى، غېمىنى،
قەلىمى تۆكتەر يۈرەك قېنىنى.
خەلقنىڭ بەختىنى قوغداپ بىر ئۆمۈر،
يۈرىدۇ ئالىقانغا ئېلىپ جېنىنى.

358

ئاڭلايسەن گاھ كۈلكە، گاھ پىغانىمنى،
ئوقۇيسەن گاھ غەزەل، گاھ داستانىمنى.
كۈلكەمدە جۇرئەت بار، پىغاندا ئىشەنچ،
كۆر، دوستۇم، ياسىغان گۈلىستانىمنى.

359

ئادەمدۇر ئالەمنىڭ ئۆلى، ئاساسى،
زېمىننىڭ ھاياتلىق گۈلى رەناسى.
يار ئاڭا غالىبلىق، مەغلۇپلۇق قىسمەت،
بۇ دۇنيا رىقابەت، سۆيگۈ دۇنياسى.

360

تىكەنسىز گۈل بولماس، غەزەپسىز كىشى،
مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئادەملىك ھېسسى.
مېھىرسىز، قەھرسىز ئەرنى ئەر دېمە،
شەمشەرمۇ كۈچلۈكتۇر بولغاچقا بىسى.

361

ياشاندى، كۆپ ئۇنىڭ ئاغرىق-سىلىقى،
ۋە لېكىن تۈن بويى ئۆچمەس چىرىقى.
ئۆمرۈمگە يەتتى قىش دېمە ئەندىكىپ،
قىشتىمۇ بار يازنىڭ ئاتەش تىنىقى.

362

دەۋرىمدە نامراتلىق ھۆرمەتتىن قالدى،
كىم ھۇرۇن بايلىقتىن، قۇدرەتتىن قالدى.
بىلەمسەن ئەي ئىنسان، ئاچچىق ساۋاقلار،
نادانلىق، ئەركسىزلىك، غۇربەتتىن قالدى.

363

بىر ئالىم بىلىمدە شۆھرەت تاراتتى،
تۆھپىدە بىر مەھەل ئەلنى قاراتتى.
كىبىردىن لەنەتكە قالدى ئۇ ئاخىر،
دېمىگەچ ئۆزىنى خەلق ياراتتى.

364

ئادەمنىڭ پەرقلىق ئەقىل-تەدبىرى،
تاسقايدۇ ھەركىمنى زامان غەلۋىرى.
مۇئەللىم خار بولماس، ئۇنىڭ قولىدا،
بىلىم-پەن ئېتىنىڭ بولغاچ چۇلۇۋۇرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

365

بىر ئانا باقتۇ ئۇنلاپ بالىنى،
ئۇن بالا باقالماس بىرلا ئانىنى.
بۇ بەلكى خاتادۇر، بىراق كۆڭلۈم غەش،
كۆرۈپ خام كىسەكلىك بىلىم كانىنى.

366

قوي گۈلگۈن شارابنى خۇمارمەن ساقى،
غەيۋەتتىن، ھەسەتتىن بىزارمەن، ساقى.
سۇخەنچى ئەمەسكەن قەدەھنىڭ لىۋى،
خاتىرجەم نەزمىلەر يازارمەن، ساقى.

367

توختاشتىن مۇستەسنا جاھاننىڭ چاقى،
ۋە لېكىن بۇ ئۆمۈر ئەمەستۇر باقى.
ئالدىڭدا يۇرتۇڭنىڭ ھۆرى، جەننىتى،
ھاياتلىق بەختىدىن ھۇزۇر ئال ساقى.

368

ئالەمدە كىم ئارزۇ-ئارمانغا يەتتى،
جاھانغا پاتمىغان كېپەنسىز كەتتى.
يارالغان ئىدۇققۇ ھەممىمىز ئوخشاش،
بىرنى خان، بىرنى ناتىۋان ئەتتى.

369

تولغاندۇر ھاياتقا شادلىق ۋە غۇسسە،
ھۇزۇرغا ئەپسۇس يار، ئىشچانغا ھەسسە.
مىننەتسىز ئەجرنىڭ شارابىدىن.
يېزىلار ئەۋلادلار بەختىگە قىسسە.

370

تۆت سۆز بار، دىل قەسرىنىڭ تاملىرىغا ئۈي،
مەي بىلىپ ھاياتىنىڭ جاملىرىغا قۇي.
ئەمەل قىل، مۇرادىنىڭ بولغۇسى ھاسىل،
«ئاقكۆڭۈل، تىرىشچان، كەمتەرىن، خۇشخۇي.»

